
ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى



# ھايات قەسىدىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



شائىر ئەنۋەر ئابلەت (شەيدائى) 1962 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يوپۇرغا نا ـ
ھىيەسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا تۇغۇل ـ
ـغان. 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەش ـ
ـقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئە ـ
دەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، سىيەك
يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى
بولغان. 1988 ـ يىلدىن كېيىن نا ـ
ھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلە ـ
ـگەن. 1999 ـ يىلدىن كېيىن ئاچـ ـ
ـچىق يېزىسى ۋە ئەشمە بازىرىدا مۇ ـ
ئاۋىن يېزا باشلىقى، خەلق قورallıq
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 2005 ـ
يىلى 8 ـ ئايدىن بۇيان يوپۇرغا نا ـ
ھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە ئىشلەپ
كەلمەكتە.

بۇ تۇنجى كىتابىمنى قەلب قەسىرىمنىڭ نۇرلۇق ئابىدىسى بولغان دادام ساۋۇتھاجىمغا، ئانام تۇرسۇنگۈل تۇراخۇنغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى

2011-يىلى 12-ئىيۇل، يوپۇرغا



ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى

# ھايات قەسىدىسى

(غەزەللەر)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本集子选录了作者多年以来所写的一部分诗歌。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار**
مەسئۇل كوررېكتورى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**

# ھايات قەسىدىسى

(غەزەللەر)

ئاپتورى: **ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى**


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھرى تاربوغۇز يولى14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/32
باسما تاۋىقى : 3.625 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2012ـ يىل 2ـ ئاي 1ـ نەشرى
2012ـ يىل 2ـ ئاي 1ـ بېسىلىشى
تىراژى : 2000 — 1

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2579 — 0
باھاسى : 12.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# مۇندەرىجە


بولاي ........................1
دېھقان قىزغا........................2
..غا ........................3
ياشلىق ........................4
سەنسىز ........................5
بولمىسا ........................6
قىلغايمۇ ........................7
كەتمىسۇن ........................8
قانغۇچە ........................9
يېزام ........................10
ئىنتىزارلىق ........................11
سېنى ........................12
كۆلۈپ ........................13
دوستۇم ........................14
ئىزدىمە ........................15
جۇدا ........................16
ئىختىيار قىلدىم ........................17
ئىككىمىز ........................18
دەپ ........................19
گۈل بىلەن ........................20

بولدۇم ............................ 21
يۈرەك ............................ 22
ئەمگىكىم ............................ 23
كەلگىن ............................ 24
قىلدىلا ............................ 25
بولدى ............................ 26
ئەپسۇس ............................ 27
تەلپۈنۈش ............................ 28
بولمىدى ئىمكان ............................ 29
ۋىسال كۈيى ............................ 30
ھىجران كۈيى ............................ 31
بۆلەك ............................ 32
ئاقتېكەن ............................ 33
ھەسرەت نەزمىلىرى ............................ 34
كەلدى ............................ 36
ئانا قەسىدىسى ............................ 37
بارمۇ ............................ 38
دىلبەر ............................ 39
سەن ئۈچۈن ............................ 40
دەيمەن ............................ 41
ياراشىپتۇ ............................ 42
كۆكلە ............................ 43
مەۋجۇتمۇ ............................ 44
بەخت ............................ 45
بىر قېتىم ............................ 46

ئىچىۋەر ........................ 47
گۇناھ بولسا .......................49
يوقتۇر ..............................50
يوق ..................................51
تاپتىم ...............................52
ئەر بولساڭ ........................53
ھەسرەتنامە .........................54
ئالدامسەن ...................... 55
بىر كۆرسەڭ .......................57
قوغلىشىپ .........................58
ساق بولسا ..........................59
ئايلىناي .............................60
ئىزدىسەڭ...........................61
ۋىجدان قەسىدىسى ..................62
كۆپتۇر ..............................64
ئۇچراشساق ......................65
ساقلايمەن ...........................66
ئۆمۈر تەشۋىشى ....................67
كۈتمەيمەن ...........................68
ياشلىقتا .........................69
ھايات قەسىدىسى ...................70
سەن كەتسەڭ .....................72
ھاياتتا .......................... 73
ماختانما ..........................74
ئوخشاتتى ..........................75

ئەر دىگەن ........................ 76
بىر ئوت بار ........................ 77
پەخەس بول ........................ 78
ئويلاپ باق ........................ 79
تىپىلغايمۇ (1) ........................ 80
چىققاي ........................ 81
ئۇستازغا ........................ 82
سورا ........................ 83
خىجالەتتۇر ........................ 84
نورۇز كىلىپ ........................ 85
تىپىلغايمۇ (2) ........................ 86
نۇر سەن ئۆزۈڭ ........................ 88
هاياتلىقتا ........................ 89
ئادەم دىگەن ........................ 90
ئادەملەر ........................ 91
بىلىم ئال ........................ 92
پەيدا ........................ 93
ۋەتەن دەيمەن ........................ 94
بىر گەپ بار ........................ 95
بالام دەپ ........................ 96
ۋىسال ئىزدەپ ........................ 98
بىر سەن بار ........................ 99
ۋىسال قەسىدىسى ........................ 101
ئايلاندى ........................ 102
ئوخشاتقىن مىنى ........................ 103

ياپرايدۇ..............................104
شۈندىن بۇيان..........................105
بىلسەڭ ..............................106
چىن مۇھەببەت ئىزدىسەڭ...................107

# بولاي

ۋەتىنىم ئىشقىڭدا مەن كۆيگۈچى پەرۋانىڭ بولاي،
بىر ئۆمۈر قوينۇڭدا تەر تۆككۈچى شەيدايىڭ بولاي.

باشپاناھ بولغاچقا سەن، تاپتىم ھاياتنىڭ قەدرىنى،
ھۆرمىتىم چەكسىز ساڭا، كۈيچىڭ ـ غەزەلخانىڭ بولاي،

سەن ئاتا قىلدىڭ گۈزەللىك ھەم ئېسىل خىسلەت ماڭا،
ئەمگىكىم ـ ئەجرىم بىلەن مەن ساڭا غەمخان بولاي.

ئىقبالىم كۈلدى جۇلالاپ، قۇدرىتىم ئاشتى قەۋەت،
پەللىگە ئۆرلەيدىغان مەرد ـ باتۇر پالۋانىڭ بولاي.

ئېھ ۋەتەن! ۋەسلىڭگە چىڭ باغلاندى قەلبىم رىشتىسى،
سەن ئۈچۈن بۇ جان پىدا، مەردانە قۇربانىڭ بولاي.

1981 ـ يىلى، سىيەك

# دېھقان قىزغا

كۆزۈڭنى بىر بۇلاق دەيمۇ، يۈزۈڭنى گويا ئاپتاپلىق،
گۈزەل ھۆسنۈڭنى ئىلھامىنىڭ ماكانى كەڭرى گۈلزارلىق.

سەھەردە ياڭرىغان ناخشاڭ قىلار مەست بارچە بۇلبۇلنى،
ئۆيۈڭدىن شادلىنىپ چىقساڭ، قۇياشمۇ بوپ قالار چاغلىق.

ھالال تەر بىرلە ياشنايسەن، ئېتىز قوينىدا يايرايسەن،
چېكەڭنىڭ ئۈنچىسىدىن چۆل-باياۋان بولدى گۈلباغلىق.

غۇرۇر-ۋىجدان سېنىڭدىن نۇرئالار ھەردەم،ئېسىل خىسلەت،
مۇھەببەت بابىدا رىشتىڭ ئەمەس ئىشرەتكە باغلاقلىق.

يېتىلدىڭ تاۋلىنىپ ئىشتا، ھاياتىڭ بولدى گۈلدەستە،
ياشا! دەپ تۆۋلىدىم ناخشا، ئېشىپ قەلبىمدە ئامراقلىق.

1984- يىلى مارت، قەشقەر

# غا ...

بىر كۆرۈپ بىھوشلا بولدۇم، دىلغا ئوتنى ياقتىڭىز،
ئەتە - ئاخشام «ياھ يۈرەك» دەپ نەزمىلەرگە قاتتىڭىز.

سۆيگۈدىن ئىشىپ تانا باغلاپ كۆڭۈلنىڭ بىغىشىن،
ئۈچرىغان يەردە ۋاپا، سۆيگۈ، ئەقىدە ساتتىڭىز.

«ئاھ مىنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم» دەپ ۋەدە - قەسەم ياغدۇرۇپ،
بەختىڭىزنى ياشلىقىم، ئۆمرۈمگە مەھكەم چاتتىڭىز.

مەن بىلىم باغلاپ، ئىشق قايناملىرىغا سەكرىسەم،
دولقۇنى ئەپقاچسا تارتماي بەلكى ئوڭدا ياتتىڭىز.

يىل ئۆتۈپ سىر بولدى پاش، ئۆلچەندى سۆيگۈ نەرخىمۇ،
نەپ ئۈچۈن ۋىجدان سىتىپ، لەنەت لىيىغا پاتتىڭىز.

1985 - يىلى يانۋار، قەشقەر

# ياشلىق

سېنىڭسىز بولمىغاي ئەسلا ھاياتنىڭ ھىممىتى ياشلىق،
پەقەت سەن بىرلە قۇت تاپقاي كۆڭۈلنىڭ رىغبىتى ياشلىق.

يېزىشتى قانچىلار دىلدىن ساڭا كۈي - ناخشا ۋە داستان،
سېنىڭسىز تاپمىغاچ سۈلكەت، ئۆمۈرنىڭ زىننىتى ياشلىق.

باھار پەسلىگە ئوخشايسەن ئۆمۈر قەنەلىرى ئىچرە،
تارالغاي سەن بىلەن مېھنەت، ھاياتنىڭ قىممىتى ياشلىق.

ئۆتەر ياشلىق، قەدىرلە تۇت، مىنۇت پەيتىنى ئالتۇندەك،
ساياق يۈرسەڭ كېتەر قولدىن ھاياتنىڭ قۇدرىتى ياشلىق.

ئەجىر - مېھنەتتە تاۋلانساڭ، چىقارسەن مىسلى ئالماس بوپ،
ئېچىپ باغرىنى كەڭ ئىقبال، ئاشار ئەل ھۆرمىتى ياشلىق.

1988 - يىلى مارت، سىيەك

# سەنسىز

نىگارىم، خەستە كۆڭلۈمگە خۇشاللىق بولمىغاي سەنسىز،
كى ئۆمرۈم باغىگە شەپقەت ساباسى تولمىغاي سەنسىز.

كۆرۈپ مەنزىلنى سۆيگۈڭدىن، دىلىم ۋەسلىڭدە قۇت تاپقان،
بەخت بۇلبۇلى باشىمگە بولۇپ يار قونمىغاي سەنسىز.

مۇشەققەت بىزگە باش ئەگدى، تۇتۇپ قول چامدىغاچ غالىب،
جاسارەت دىلبىرى ھىممەت شارابى سۇنمىغاي سەنسىز.

ۋاپا ـ مەردلىكتە سۇلتان سەن، ئىشق بابىدا فونتان سەن،
ئىشەن شەيدائى قەلبىنى جاراھەت قاپلىغاي سەنسىز.

نە ئارمان ياشىنىساق گۈللەپ، يۆلەك بوپ بىر ئۆمۈر مەڭگۈ،
غۇرۇر ـ ۋىجدانىنى ھەسرەتنىڭ نىداسى چۇلغىغاي سەنسىز.

1988 ـ يىلى ئاپرىل، سىيەك

## بولمىسا

سەن ئۆزۈڭنى ئەر دېمە، پاك سۆيگۈ ـ ۋىجدان بولمىسا،
ئەل ـ ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى قەلبىڭدە گۈلخان بولمىسا.

قۇترىشىپ مەلئۇن چايانلار قىلسا قەست ئەل بەختىگە،
قەھرى غەزەپ، نەپرىتىڭ گوياكى ۋۇلقان بولمىسا.

جۇل گادايسەن مال ـ بىساتلىق يېگانە زەردار باي تۇرۇپ،
ئادىمىيلىك ـ سېخىيلىق روھىڭغا سۇلتان بولمىسا.

بۇ ھاياتىڭ لەززىتى، نە قەدرى بولغاي لايىقلىك،
چىن ساداقـەتتىن كۆڭۈل مۈلكۈڭدە قورغان بولمىسا.

ياخشىلىقسىز چاچمىغاي دىل غۇنچىسى خۇش ھىد ـ پۇراق،
كۆلمىگەندەك تاڭدا بۇلبۇل، تاڭدا سۇبھان بولمىسا.

1988 ـ يىلى ماي، سىيەك

## قىلغايمۇ؟

مۇھەببەت بولسا چىن، ياشلىق بېغىن ۋەيرانە قىلغايمۇ؟!
قويۇپ دەشتىدە ھىجرانىنىڭ غېرىب - سەرسانە قىلغايمۇ؟!

ھاياتنى خار، خازان ئەيلەپ، كۆڭۈل گۈلزارىنى چەيلەپ،
ئىشق سېھرىدە دىللارنى ئېزىپ، ھەيرانە قىلغايمۇ؟!

ۋاپانى ئەيلىبان دەستەك، ۋاپا ئەھلىگە سېپ تەستەك،
گۆھەرنى تاش قىلىپ، تاشنى گۆھەر - دۇردانە قىلغايمۇ؟!

ئېتىپ ۋىجدانغا مۇشت - پەشۋا، قەلبىنى پۇل بىلەن ئۆلچەپ،
رەزىللىك ئاسمىنىدا پەر قېقىپ، جەۋلانە قىلغايمۇ؟!

قويۇپ ئىنسانىنى ھەسرەتتە، ھەتتا غەپلەتتە، كۈلپەتتە،
شېرىن جانىگە قەست ئەيلەپ، بىۋاق قۇربانە قىلغايمۇ؟!

1988 - يىلى ئاۋغۇست، يوپۇرغا

# كەتمىسۇن

قىل ئىجاد، ئويناپ-كۈلۈپ ياشلىق باھارىڭ كەتمىسۇن،
يەپ-ئىچىپ، دەۋران سۈرۈپ، تەندىن مادارىڭ كەتمىسۇن.

ئىزدىسەڭ ئۆمرۈڭگە قۇت، خەلقىڭنى مەڭگۈ كۆزدە تۇت،
دەم شېرىن چۈشلەر كۆرۈپ، تەندىن مادارىڭ كەتمىسۇن.

تۇغۇلۇش ھەم كۆز يۇمۇش قانۇنكى بىرگە بەك تونۇش،
گاڭگىراپ چۆرگۈلەپ يۈرۈپ، تەندىن مادارىڭ كەتمىسۇن.

بىل ئەبەد ئېرپاننى يار، ۋاقتىڭنى قىلما زايە-خار،
تۆھپە قوش يېڭىڭ تۈرۈپ، تەندىن مادارىڭ كەتمىسۇن.

ئەل سېنى «ئوغلۇم» دېسۇن، ھۆرمەت بىلەن ئۇلۇغلىسۇن،
ئۆت ھاياتنى كۈلدۈرۈپ، تەندىن مادارىڭ كەتمىسۇن.

1988- يىلى ئاۋغۇست، يوپۇرغا

# قانغۇچە

كەل جانان بەرگىن قولۇڭ بىللە يۈرەيلى قانغۇچە،
سۆيگۈدىن لەززەتلىنىپ ئويناپ كۈلەيلى قانغۇچە.

بىزگە قۇت بەرگەن ئەزىز تۇپراققا ساپ تەر ئاققۇزۇپ ،
چۆلنىمۇ جەننەت كەبى گۈللەندۈرەيلى قانغۇچە.

ئىجتىھات - ئىجاد بىلەن ئاقلاپ ھاياتنىڭ بۇرچىنى،
ھەر قەدەم قۇچماققا شان يەڭلەر تۈرەيلى قانغۇچە.

دەۋرىمىز بەردى بۈگۈن ھەممىگە ئىمكان كەڭ-تاشا،
تەر تۆكۈپ ئەل-يۇرتقا مول مېۋە بېرەيلى قانغۇچە.

شاد كۈلۈپ ئاچتى قۇچاق،گۈزەل كېلەچەك،ھۆر زامان،
بۇ ھاياتنى گۈللىتىپ دەۋران سۈرەيلى قانغۇچە.

1989- يىلى مارت

# يېزام

ھۆرمىتىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر بىر ئەزىم دەريا يېزام،
ھۆر كەبى ھۆسنۈڭگە پاك دىل بىر ئۆمۈر شەيدا يېزام.

كۆز ئېچىپ باغرىڭدا ئۆستۈم شەپقىتىڭ-مېھرىڭ بىلەن،
بولدى روھىمدا ئەقىدە پاك غۇرۇر پەيدا يېزام.

تەر تۆكۈپ بەختىمنى تاپتىم تۇپرىقىڭ قىلدى ئەزىز،
خىسلىتىڭ ئۆمرۈمگە راستىن قوشتى چىن مەنە يېزام.

گۈللىدى ئارمانلىرىم، گۈل ياشلىقىم تاپتى روناق،
مەن شۇڭا قوينۇڭنى دەيمەن مەردكە كەڭ سەينا يېزام.

ئېھ مېنىڭ كىندىك قېنىم سىڭگەن مۇقەددەس ئۇز دىيار،
كۆز يۇمۇپ ياتقايمەن ئۆز قوينۇڭدا بوپ ئاشنا يېزام.

1989 - يىلى ئاپرېل، يوپۇرغا

# ئىنتىزارلىق

ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى يارىم يولۇڭغا باقتۇرۇپ،
سۆيگۈنىڭ ئوكيانىدا خۇددى قېيىقتەك ئاقتۇرۇپ.

كەلمىدىڭ قايتا نىگار نە بولدى قىلغان ئەھدىمىز،
دىل كۆكىدە سۆيگۈنىڭ چاقماقلىرىنى چاقتۇرۇپ.

ئۆرتىدى ئىشقىڭ يۈرەكنى قىلدى ئەقلىمدىن جۇدا،
مۇردىغا ئايلاندى تەن، ئاھ ئاغرىماي ساپساق تۇرۇپ.

ياش تۆكۈپ شامۇسەھەر ئىشقىڭدا باغرىم بولدى قان،
ئۆچتى ئاھ كۆزۈم نۇرى ھۆسنۈڭنى ئىزدەپ ئاختۇرۇپ.

قىل نىگار شەيدائىڭغا پاك سۆيگۈدىن قۇت ئىلتىپات،
بولمىسۇن ئۆمرى ئادا ئىشقى ئوتۇڭدا ئاھ ئۇرۇپ.

1989 - يىلى نويابىر

# سېنى

بولسا قەلبىڭ بىغۇبار، سۆيگەن نىگارىم دەي سېنى،
ياشلىقىمنى ياشنىتار قۇتلۇق باھارىم دەي سېنى.

يانسا ئىشقىڭ ئەل ئۈچۈن، ئەلگە گەر قاتساڭ كۈچۈڭ،
تومۇرۇمدا قان بولۇپ ئوقچۇپ ئاقارىم دەي سېنى.

ئەتىنى دىلغا پۈكۈپ،پەن تەكتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ،
زەپەر قۇچساڭ كۆكسىگە گۈللەر تاقارىم دەي سېنى.

ئىلمۇھېكمەت بابىدا بولساڭ قانائەتتىن جۇدا،
كەشپىياتتا بەرق ئۇرۇپ، قانات قاقارىم دەي سېنى.

تۇسسا ئالدىڭنى خەتەر باغلاپ ئۈمىدتىن چىك كەمەر،
ئەگمىسەڭ باش، قۇت تىلەپ نۇسرەت تاپارىم دەي سېنى.

ماختىنىشتىن ساقلىنىپ، خىسلەتتە نۇردەك پاكلىنىپ،
ئارزۇيۇمنى ئاقلىساڭ، چىن غەمگۇزارىم دەي سېنى.

سۆيگۈمىزنىڭ شەرتى شۇ، نەزمەمنى ئىخلاستا ئوقۇ،
چايقىساڭ باش، سۆيگۈگە پەشۋا ئاتارىم دەي سېنى.

1989 - يىلى نويابىر

# كۈلۈپ

ياندۇرۇپ قەلبىمدە ئىشق يالقۇنى باقتىڭ كۈلۈپ،
پاك يۈرەككە چىن مۇھەببەت ئوتىنى ياقتىڭ كۈلۈپ.

ھېسلىرىم قالدى يۈگەنسىز،ئۇيقۇدىن بولدۇم بىدار،
يۈرىكىم قاتلاملىرىدا قان بولۇپ ئاقتىڭ كۈلۈپ.

ئويغىتىپ ئارمانلىرىمنى، تولدۇرۇپ قەلبىمگە كۈي،
لەۋلىرىڭ بىرلە لېۋىمدە پىستىلەر چاقتىڭ كۈلۈپ.

بۇ ھايات ئۆتتى لەزىز، چىن سۆيگۈدىن لەززەت ئېلىپ،
ۋاھ، مېنىڭ تۇيغۇم كۆكىدە پەي قانات قاقتىڭ كۈلۈپ.

گۈللىدى ياشلىق باھارىم، تاپتى قۇت ئارمانلىرىم،
ئاشىقىڭ بولغاچ ۋاپادار، سەن ۋىسال تاپتىڭ كۈلۈپ.

1989 - يىلى نويابىر

# دوستۇم

دېمە بىر تال كۆچەت سانجىپ، بىنا قىلدىمغۇ باغ، دوستۇم،
كۆرەڭلەپ، ئازلا تۆھبەڭنى گويا كۆرسەتمە تاغ، دوستۇم.

بېشىڭ گەر يەتسىمۇ كۆككە تەمەننا قىلما، كەمتەر بول،
دىلىدىن «تۆھپىكار ئوغلان» دېسۇن ئەل ھەممە چاغ، دوستۇم.

يىراق بول كىبرۇ مىننەتتىن، ياشارغاي دىل پەزىلەتتىن،
شۇ چاغ قالمايدۇ قەلبىڭدە ئەلەمدىن مەڭگۈ داغ، دوستۇم.

ۋەتەن ـ ئەل بەختىنى كۆزلەپ، تۇرۇپ تىك توغرا ھەق سۆزلەپ،
ئۆمۈر باغىڭگە قوندۇرما ھۇۋقۇش ۋە ياكى زاغ، دوستۇم.

ھاياتىڭ قىممىتى ئاشقاي ئىجاد، مېھنەتتە مىڭ چەندان،
«چىشىڭنىڭ بارىدا لەززەت ئېلىپ سەن چاينا ياغ» دوستۇم.

1989 ـ يىلى نويابىر

# ئىزدىمە

بولسا ئەقلىڭ ئۆزگە ئەلدىن باشپاناھلىق ئىزدىمە،
ئۆز ئېلىڭنى تەركى ئەيلەپ، مېھرىبانلىق ئىزدىمە.

ساڭا غەمخان يوق ۋەتەندەك مېھرى - شەپقەتلىك ماكان،
شۇڭا تەنتەك ھېسلىرىڭدىن قەدىردانلىق ئىزدىمە.

سۆي ئېلىڭنى، پاك دىلىڭدىن جان پىدا ئەيلەپ ئەبەد،
دوستلىرىڭغا ئورا قازما ھەم يامانلىق ئىزدىمە.

ئانا يۇرتقا كىمكى ئاسىي بولسا قارغىش-تىل تاپار،
بۇ ھاياتتا ئۆز ۋەتەنسىز، تىنچ-ئامانلىق ئىزدىمە.

تاش ئەزىز چۈشكەن يېرىدە، ئەر ئەزىز ئەجرى بىلەن،
ماڭلىيىڭدىن ئاقمىسا تەر، خۇش زامانلىق ئىزدىمە.

1990- يىلى يانۋار، يوپۇرغا

# جۇدا

قىلدى ئاچ كۆزلۈك سېنى ئاھ، ئەقلۇۋىجداندىن جۇدا،
ئەل قاتارى رۇس ياشاشقا، بارچە ئىمكاندىن جۇدا،

يانمىدىڭ ھەرنەرسە بولسا، تويمىدى نەپسىڭ ھامان،
ئەيلىدىڭ ئۆزۈڭنى خار، خەيرى ئېھساندىن جۇدا.

ئۆز غېمىڭنى يەپلا ئۆتتۈڭ، ياخشىغا ئورا قېزىپ،
مۇردىغا ئايلاندى قەلبىڭ، بولدى روھ جاندىن جۇدا.

ئىزدىسە ئالەمنى يوقتۇر سەن كەبى كۆڭلى قارا،
شۇ سەۋەب بولدۇڭ زۇۋانسىز، كۈلكە خەنداندىن جۇدا.

ئەل - ئاۋام سەسكەندى سەندىن، نەپرىتى ئاشتى قەۋەت،
ھەيئىسىت، بولدۇڭ تولۇق «ئىنسان» دېگەن شاندىن جۇدا.

1990 - يىلى يانۋار

# ئىختىيار قىلدىم

بىرىپ كۆڭلۈمنى ئى دىلبەر، سۆيۈشنى ئىختىيار قىلدىم،
ئۇتىدا سۆيگۈ ئىخلاسىنىڭ كۆيۈشنى ئىختىيار قىلدىم.

بىلىپ ياشلىقنى بىر غۇنچە، تۇتۇپ ۋىجداننى پاك شۇنچە،
ۋىسال پەيزىگە چۆمگەنچە ياشاشنى ئىختىيار قىلدىم.

پۈكۈپ قەلبىمگە ھۆر ئىقبال، بىلىمدىن نۇر يىغىپ ھەم بال،
شىجائەت بىرلە بەختىمنى كۆرۈشنى ئىختىيار قىلدىم.

تۇمان توسقاندا ئالدىمنى، كىرىپ مەردانە باغرىمنى،
ئۇنى دەل مات قىلىپ، غالىب يۈرۈشنى ئىختىيار قىلدىم.

دىلىمدا قالمىغاي ئارمان، بولساڭ دەردىمگە سەن دەرمان،
ھاياتنى گۈللىتىپ ئورتاق كۈلۈشنى ئىختىيار قىلدىم.

1990 ـ يىلى فېۋرال

## ئىككىمىز

كەل نىگارىم تەر تۆكۈپ، باغلار ياسايلى ئىككىمىز،
ئەجرىمىزدىن شان قۇچۇپ، مەنزىل ئاشايلى ئىككىمىز.

ئانا يۇرتنى گۈللىتىش ئىشقىدا ئوت بوپ يازۇقىش،
تۇپرىقىغا بىر ئۆمۈر كۆكرەك ياقايلى ئىككىمىز.

مەرىپەتكە تولدى دىل، ئالدۇق بىلىم ئون نەچچە يىل،
ئىشلىتىپ تېخنىكىنى كەڭ يول ئاچايلى ئىككىمىز.

قولىنىپ ئىلمى ئۇسۇل، چۆلدىنمۇ ئېلىپ مول ھوسۇل،
يۈكسىلىشىنىڭ كۆكىدە قانات قاقايلى ئىككىمىز.

دەۋرىمىز ئاچتى قۇچاق، تاپماققا قۇۋناق چىن ھايات،
دولقۇنىغا جور بولۇپ، ئوقچۇپ ئاقايلى ئىككىمىز.

1990 ـ يىلى مارت

# دەپ

ساڭا چىنپۇتتۇم ئەزەلدىن ۋەدىدىن يانمايدۇ دەپ،
پاك، سەبىي كۆڭلۈڭنى بەرگەن ياردىن تانمايدۇ دەپ،

سىغىنىش ئارتىپ كۆڭۈلگە سالسىمۇ ھىجران-ئازاب،
ئىشەندىم پاك سۆيگۈمىزگە، مەڭگۈ داغلانمايدۇ دەپ.

گوللىسا شەيتان ۋىسالدا، ئىشلىتىپ نەيرەڭ-ھىيلە،
يوقاتماس ۋىجدانىنى ھەم مەڭگۈ ئالدانمايدۇ دەپ.

بولسىمۇ ئارىلىق يىراق گەر، نۇر چېچىپ ئارزۇ-ئۈمىد،
سۆيگۈگە تولغان گۈزەل - پاك قەلبى بۇلغانمايدۇ دەپ.

كۈچىيىپ تەتۈر قۇيۇن، ئالەمنى زۇلمەت باسسىمۇ،
قىينىلىپ ئارىسالدىلىقتا، قىلچە تولغانمايدۇ دەپ.

1990 - يىلى مارت

# گۈل بىلەن

تاڭ سەھەر ئى دىلرەبا، كۆڭلۈمنى ئالدىڭ گۈل بىلەن،
بىر بېقىپ قەلبىمدە چىڭ ئورناپلا قالدىڭ گۈل بىلەن.

مەن بىھوش ئاچسام قۇچاق مەجنۇن كەبى زار تەلمۈرۈپ،
شوخ يۈرەككە ئەڭ شېرىن بىر ئوتنى سالدىڭ گۈل بىلەن.

سۆيگۈدىن بەختىمگە مەن تاپتىم دىگەندە كەڭرى يول،
تەڭ قەدەم ئالماق تۇگۈل ئارقامدا قالدىڭ گۈل بىلەن.

دەشتىدە ھىجران - ئازابىنىڭ ياش تۆكۈپ يۈرسەم غېرىب،
شادلىنىپ، مەسخىرىنىڭ كۈيىنى چالدىڭ گۈل بىلەن.

بىلمىدىم، ئىزدەپ ۋىسال ئازمايدىغان كىم بار ئىكەن،
ئالدىدىڭ، قەلبىمدە جىن - شەيتان ئاتالدىڭ، گۈل بىلەن.

1990 - يىلى ئۆكتەبىر

# بولدۇم

سېنى مەن بىر كۆرۈپ دىلبەر خىيالغا مۇپتىلا بولدۇم،
خىياللار قوينىدا سىرلىق سوئالغا مۇپتىلا بولدۇم.

ئازابلار لەشكىرى بوغدى گېلىمدىن قانچە رەت قىيناپ،
لېكىن سەن بىخەۋەر، چەكسىز ئۇۋالغا مۇپتىلا بولدۇم.

ئۇزاپ ئاھ، ئۇيقۇسىز كۈن - تۈن يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ھەردەم،
يوقالدى ئەس- ھوشۇم، روھىي قامالغا مۇپتىلا بولدۇم.

قىلالماي دىل سۆزۈم ئىزھار، مۇھەببەت دەشتىدە تەنھا،
ئۈزۈلگەن تارلىرى كۈيسىز روياغا مۇپتىلا بولدۇم.

ئۆتەرمۇ ياشلىقىم ھەسرەت ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ،
ئەجەبمۇ تۈنجى رەت ئوقسىز قورالغا مۇپتىلا بولدۇم.

1990 - يىلى ئۆكتەبىر

# يۈرەك

ئالەمدە جىسمىغا ئالەم سىرلىرى پاتقان يۈرەك،
گاھى بولسا سۇ، سىماب، گاھ تاش كەبى قاتقان يۈرەك.

بۇ ھايات قىسمەتلىرىدىن بولسىمۇ زەرداب - يىرىڭ،
رىشتىنى ئىزگۈ ئۈمىدنىڭ ۋەسلىگە چاتقان يۈرەك.

دوست ئۈچۈن قۇياش مىسالى نۇر - مېھرى چاچسا ئەبەد،
ھەرقاچان مەلئۇنغا نەپرەت ئوقلىرى ئاتقان يۈرەك.

بىر ئۆمۈر پاكلىق-مۇھەببەت سۆيگۈگە شەيدا بولۇپ،
كۈلسىمان دەردلىك ھاياتنى گۈلدەك ياشناتقان يۈرەك.

بىماجال ئىنسانىنى يۈكسەك تاغ-قىيادەك تۇرغۇزۇپ،
گەر يىقىلسا تەن ئارا جان بىلەن ياتقان يۈرەك.

1990 - يىلى ئۆكتەبىر

# ئەمگىكىم

ھۆرمىتىم، بەختىمنى سەن قىلدىڭ تەۋەللۇت ئەمگىكىم،
سەن بىلەن بولدۇم ھايات قوۋمىدا مەۋجۇت، ئەمگىكىم.

ياشلىقىم تاپتى ۋىسال، يىغدىم ئىجادتىن شىرنە ـ بال،
ئەيلىدىڭ ئۆمرۈمنى ھۆر ئىقبالغا مەھبۇب ئەمگىكىم.

ئارزۇيۇم ئاچتى چېچەك، نۇرلاندى قەلبىم سۇبھىدەك،
يەشمىگەچ بەلدىن كەمەر باسقاندىمۇ جۇت، ئەمگىكىم.

ئۆرلىدىم ئىقبالسىرى، كۆلدى ھاياتىم مەنزىلى،
ئۇلغىيىپ ئىشقىڭ بىلەن قەلبىمدە بىر ئوت ئەمگىكىم.

سەن ماڭا بولغاچقا يار، ئۆتمەس ھاياتىم خارۇزار،
ئىزلىرىم ئۆچمەس ئەبەد، بەردىڭ ماڭا قۇت ئەمگىكىم.

1990 ـ يىلى دېكابىر

# كەلگىن

نىگارىم بىر كۆرەي چېھرىڭ، قىلىپ ناز خۇش بېقىپ كەلگىن،
قۇياشتەك نۇر تۆكۈپ تال - تال، يۈرەككە ئوت يېقىپ كەلگىن.

لېۋىڭدە ئوينىتىپ كۈلكە، بويۇڭدىن ھىد بېرىپ گۈلگە،
جاھاننى قالدۇرۇپ ھەيران، جۇلالاپ كۆز چېقىپ كەلگىن.

بېغىشلاپ زوق ئۈمىد دىلغا، ۋاپادىن كۈي تۆكۈپ تىلغا،
ساداقەت ئىلكىدە زەم - زەم بۇلاقتەك شوخ ئېقىپ كەلگىن.

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ كۈن - تۈن، خىيالەن مەي ئىچىپ گۈلگىن،
ئازابىنىڭ دەشتىدە قالدىم، ئېلىپ قۇت پەر قېقىپ كەلگىن.

ھاياتتا بىر ساڭا كۆيدۈم، پەقەتلا خاس ساڭا سۆيگۈم،
ياشايلى بى ئازاب، تاڭدەك غۇبارسىز جىلۋە قىپ كەلگىن.

1990 - يىلى دېكابىر

# قىلدىلا

بىر بېقىپ ئىشقىمنى گۈلخان قىلدىلا،
پاك، سەبىي كۆڭلۈمدە جەۋلان قىلدىلا.

ئويغىتىپ قەلبىمدە ياشلىق تۇيغۇسى،
قۇت-ۋىسال تاپماققا مەردان قىلدىلا.

ئوت چېچىپ ئاتەش يۈرەكنىڭ ئۈستىگە،
تىنچلىقىم، ئەقلىمنى گۇمران قىلدىلا.

سۆيگۈدىن بولغاندا بىھوش،بىلمىدىم.
قايتىلاپ كۆرمەكنى پىنھان قىلدىلا.

ئاھ، قويۇپ داغدا ئەجەبمۇ يىغلىتىپ،
بى داۋا ئاشىقى-سەرسان قىلدىلا.

ياشلىقىم ئۆتكەيمۇ ئەمدى ئاھ ئۇرۇپ،
نە ئۈچۈن كۆيمەكنى پەرمان قىلدىلا؟

قىلغۇسى شەيدائى ئەمدى نە ئامال،
چۈنكى تىنچ كۆڭلىنى ۋايران قىلدىلا.

1990 - يىلى دېكابىر

# بولدى

سىنىڭ ئىشقىڭدا ئى دىلبەر، يۈرەك باغرىم يارا بولدى،
ساڭا كۆز سالغىنىم پىنھان بىشىمغا بىر بالا بولدى.

قىلالماي دىل سۆزۈم ئىزھار، نى كۈنلەر ئۆتتى يىغلاپ زار،
پىراقىڭ سىھرىدىن ياشلىق باھارىم بى ناۋا بولدى.

يوقالدى ئەس ـ ھوشۇم پۈتكۈل، چىرايىم خۇددى سولغان گۈل،
تۆكۈپ ياش كۆزلىرىم نۇرسىز، تۇمانلىق سوغ ھاۋا بولدى.

زىمىننى ئاھلىرىم قاپلاپ، يۈرەكنى دەرد ـ پىغان تاتلاپ،
مۇھەببەت دەشتىدە تەنھا يۈرۈپ بەختىم قارا بولدى.

بىھوش شەيدائى ۋەسلىڭدىن، تىلەپ قۇت سۆيگۈ پەسلىڭدىن،
ياشاشقا ياد ئىتىپ نامىڭ، ۋىسال تاپماق داۋا بولدى.

1991 ـ يىلى يانۋار، يوپۇرغا

# ئەپسۇس

دىدىڭ«بۇ جان پىدا ئەلچۈن» ئىزىڭغا باقمىدىڭ ئەپسۇس،
ئۈنىڭ مېھرىنى شاد ئەيلەپ، دىلىڭغا ياقمىدىڭ ئەپسۇس.

قەدىرلەپ غۇنچە ياشلىقنى، ئېتىپ باغ تاغۇتاشلىقنى،
شەرەپنىڭ كۆكىدە مەغرۇر قاناتلار قاقمىدىڭ ئەپسۇس.

ھەۋەسكە ئىشتىياق باغلاپ، قۇلى بوپ ئەيش-ئىشرەتنىڭ،
نادانلىق زەنجىرى بوغسا گېلىڭدىن، چاقمىدىڭ ئەپسۇس.

ئۆزۈڭمۇ بەلكىم بىلمەيسەن«يۈرەك»تىن ۋەدە بەرگەندە،
ھاياتلار قوۋمىدا مەجنۇن ۋەياكى ساقمىدىڭ ئەپسۇس.

يۈرەرسەن غادىيىپ ھەردەم ئۆزۈڭنى ئەردىبان مەغرۇر،
ئۆتىدا سەن كۆيۈپ ئەلنىڭ، سۈيىدە ئاقمىدىڭ ئەپسۇس.

1991- يىلى مارت

# تەلپۈنۈش

قۇرۇتتۇڭ بى سەۋەب دىلبەر ئەقىدە ـ سۆيگۈ لالەمنى،
ئۇنتۇدۇڭ كۆكنى تىترەتكەن مېنىڭ پەريادۇنالەمنى.

جۇدالىق بازغىنىڭ بىرلە قىلىپ سۆيگۈمنى مىڭ پارە،
ئەجەبمۇ تاشلىدىڭ يەرگە كۆڭۈل ئاتلىق پىيالەمنى.

غۇبارسىز ھېسلىرىم دەسلەپ، ئۈمىدتىن ياشنىغان گۈللەپ،
بىراق سەن سۇنمىدىڭ دىلدىن ماڭا بىر تامچە زەم-زەمنى.

ھاياتتىن قانچە رەت تويدۇم، يەنە كۆڭلۈمگە يول قويدۇم،
تاپاي دەپ تۇنچى سۆيگۈدىن ۋىسال ئاتلىق نېسۋەمنى.

سېنىڭئىشقىڭدامىڭئەپسۇس ،ئىكەن شەيدائىبىرمەھبۇس،
سېنىڭدىن ئۆزگە كىم ئاۋات ئېتەر بەختىمگە ئالەمنى؟

1991 ـ يىلى ئاپرېل

## بولمدى ئىمكان

ھاياتتا سۆيگۈدىن بەختىم كۆرۈشكە بولمدى ئىمكان،
ۋەياكى ۋاز كېچىپ تەنھا يۈرۈشكە بولمدى ئىمكان.

تالاي رەناغا دىل بەردىم، كېزىپ باغلارنى گۈل تەردىم،
مۇھەببەت پەيزىنى ئەپسۇس، سۈرۈشكە بولمدى ئىمكان.

بولۇپ قۇربانى بىر شېرىن خىيالنىڭ، ياشلىقىم ئۆتتى،
بىرەر جانانى يارىم دەپ سۆيۈشكە بولمدى ئىمكان.

قېلىپ ئاھ، داغۇئارماندا،تۆكۈپ ياش خالىي-پىنھاندا،
يۈرەكىم لەختە قان بولدى، كۈلۈشكە بولمدى ئىمكان.

چۈشەندىم، ھەممىسى ھەيھات ئىكەنغۇ ئالدىنىش-ئالداش،
سەۋەب يار ئىشقىدا جاندىن كېچىشكە بولمدى ئىمكان.

1991-يىلى ئاپرېل

# ۋىسال كۈيى

ساڭا مەن دىل بېرىپ ئى يار، ئۆزۈمنى چاغلىدىم پەرھات،
قۇياشتەك بىغۇبار سۆيگۈڭ يۈرەككە ئورنىغاچ قات - قات.

گويا قەلبىمدە سەن چولپان كەبى نۇر تارقىتىپ كۈن - تۈن،
تېنىمگە تارتتى ھەم يىلتىز بولۇپ ئىشقىڭمۇ بىر شەمشات.

دىلىڭدىن تامچىغان مېھرىڭ بىلەن ئۆمرۈمگە قۇت ياغدى،
ساداقەت بىرلە گۈل ياشلىق بېغىمنى ئەيلىدىڭ ئاۋات.

يوقالدى شۈبھە - تەشۋىشلەر ئۈمىدكە يار بولۇپ ئۆمرۈم،
غۇبارسىز ئىزگۈ سۆيگۈڭدىن ۋىسالىڭ پەسلى كۈلگەچ شات.

ماڭا يات مەڭگۈ دەرد - ھەسرەت، يۇمارمەن كۆزنى بى ئارمان،
بېشىمغا چۈشسە گەر كۈلپەت قىلارمەن شۈبھىسىز بەربات.

1991 - يىلى ئاپرېل

# ھىجران كۈيى

ياخشى قال ئەي دىلرەبا، كەتتىمكى تەنھا چۆل ئارا،
ئىشق ئوتىنىڭ زەربىدىن بولغاچقا باغرىم چاك-يارا.

قاپلىدى دىلنى تۈتەك، ئاچماي مۇرادىم گۈل-چېچەك،
بۇ ھاياتنىڭ تەشۋىشى قىلغاچ ئازابقا مۇپتىلا.

نە ئىشەنچ - يۇ، نە ۋىسال بەردىڭمۇ بىر رەت ئەسكە ئال،
ئاھ، ئەجەب قىلدىڭ ئۇۋال، چۈشتى بېشىمغا مىڭ بالا.

گۈل يۈزۈڭگە تەلمۈرۈپ، كۆڭلۈمنى ئالداپ كۈلدۈرۈپ،
دەردكە ھېچ تاپماي داۋا بولدى مېنىڭ بەختىم قارا.

قاقشىدى بۇ تەندە جان، ئۆلمەكلىكىمدە يوق گۇمان،
چۈنكى، ئول شەيدائىغا بولدىكى كۆڭلۈڭ بەك ئالا.

1991- يىلى ماي

# بۆلەك

يوقمىدۇ ئاشىققا ئىنئام داغۇھىجراندىن بۆلەك؟
ناتىۋان كۆڭلىگە ئىلھام، سەۋرى پىنھاندىن بۆلەك؟

ئۆتتى بۇ ئالەمدە سانسىز سۆيگۈگە پەرۋانىلەر،
كۆرمىدى ئۆمرىدە ئەسلا دەردى ئىمكاندىن بۆلەك.

تىلسىمۇ باغرىنى ھىجران قايغۇسى بەرمەي ئارام،
كەچمىدى ياردىن، ۋۇجۇدى بولغۇچە جاندىن بۆلەك.

ئايلىنىپ تۇپراققا جىسمى ئۈنسىمۇ ئۇندىن گىياھ ،
بىلمەيىن قەدرىنى زىنھار ئەھلى ۋىجداندىن بۆلەك.

سال قۇلاق دەرياغا ئۈنسىز، نە ئۈچۈن پۈتمەس كۈيى،
ئۇ سادا بەرمەيدۇ دىلغا مەڭگۈ ئەپغاندىن بۆلەك.

ئاھ ئۇرۇپ سايرايدۇ بۇلبۇل كەتكۈچە دەرماندىن،
ئۆزگە يوق ئارمانى سۆيمەك لالە - رەيھاندىن بۆلەك.

يۈرىدۇ شەيدائى ھەردەم قان يۇتۇپ يار ئىشقىدا،
بولمىغاچ قەلبىگە مەلھەم يارۇجاناندىن بۆلەك.

1991 - يىلى ماي

# ئاقتېكەن[1]

ئېھ! مېنىڭ كىندىك قېنىم تامغان دىيارىم ئاقتېكەن،
سەن ئۆچۈن تەقدىم ھامان ياشلىق باھارىم، ئاقتېكەن.

كۆز ئېچىپ باغرىڭدا مەن تاپتىم ھاياتنىڭ قەدرىنى،
ھىممىتىڭ، مېھرىڭ بىلەن ئېشىپ مادارىم، ئاقتېكەن.

ياشنىتار ئىشقىڭ بېرىپ قەلبىمگە پۈتمەس ئوت-لاۋا،
تەر تۆكۈپ گۈللەش سېنى يۈكسەك قارارىم، ئاقتېكەن.

مەۋج ئۇرار جىسمىم ئارا ئەلنىڭ ئۈمىدى قان بولۇپ،
گۈللىتىش ئەبەد سېنى بۈيۈك شوئارىم، ئاقتېكەن.

يوق ئېرۇر شەيدائىغا سەندىن مۇقەددەس سەجدىگاھ ،
دەر شۇڭا: بوينۇمدا سەن قۇتلۇق تۇمارىم، ئاقتېكەن.

1991 - يىلى ئاۋغۇست

---

[1] ئاقتېكەن — يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

## ھەسرەت نەزملىرى

### 1

كېتەرمەن قول سىقىپ خوش دەپ، ۋەيالىكى بى زوۋان بىر كۈن،
ئۆلۈم بىچارە ئۆمرۈمنى قىلار ئاھ، مېھرىبان بىر كۈن.

ئۆتۈپتۇ ئويلسام ھەربىر دەقىقەم يارنى دەپ داغدا،
تاپالماي چىن ۋىسال، گۈلدەك چىرايىم زەپىران بىر كۈن.

قاچانكى ئوق بولۇپ تەگدى مۇھەببەت ئىشقى باغرىمغا،
بىھوش قىپ تاشلىدى سىرلىق نىگاھلار بوپ قىيان، بىر كۈن.

قېقىپ پەر ھېسلىرىم سۆيگۈ كۆكىدە بولدى يول باشچى،
تەۋەللۇت قىلدى مىڭ دىلبەر شۇدەمدە بۇ جاھان بىر كۈن.

بىرىپ دىل قانچە دىلدارغا توزۇپتۇ غۇنچىدەك ياشلىق،
سۆيۈش نە، بەلكى خىلۋەتتە يۇرەلمەي يانمۇيان بىر كۈن.

سوئالغا ئايلىنىپ ئوتلۇق بېقىشلار قويمىدى ھالىم،
سۆكۈتلۈك ئىنتىلىش ئەتتى يۈرەكنى لەختە قان، بىر كۈن.

مۇھەببەت قىسمىتىم شۇنداق ئىكەن - دە، مەڭگۈ كۆلپەتلىك،
ئۆتتۈشكە ئەمدى شەيدائى نىگارسىز، ئىچتى ئان، بىر كۈن.

## 2

ئى پەرى ۋەسلىڭنى بىر كۆرمەككە پۇرسەت كەلمىدى،
ياندىشىپ باغلار ئارا يۈرمەككە پۇرسەت كەلمىدى.

مەن بىتاقەت تەلمۈرۈپ باقتىم يولۇڭغا كۈنۈ - تۈن،
لەۋلىرىڭدىن مەي ئىچىپ كۈلمەككە پۇرسەت كەلمىدى.

سەن قاچانكى بىر نىگاھ سالدىڭ يوقالدىڭ نەگىدۇر،
بۇ ھاياتىڭ پەيزىنى سۈرمەككە پۇرسەت كەلمىدى.

ئاختۇرۇپ چىقتىم پۈتۈن ئالەمنى، ئەپسۇس سەنلا يوق،
شۇنچە كۆيدۈردۈڭ ئەجەب سۆيمەككە پۇرسەت كەلمىدى.

قالمىدى ھالىم، سېنىڭ ئىشقىڭدا يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپ،
تاشلىنىپ باغرىڭغا بىر ئۆلمەككە پۇرسەت كەلمىدى.

1984 — 1992 - يىللار، سىيەك

# كەلدى

زېمىننى ئويغىتىپ چۈشتىن، سېھىرلىك نەۋ باھار كەلدى،
دەرەخلەر سۈردى بىخ كۆركەم، يېشىللىق غەمگۈزار كەلدى.

بولۇپ جەم باغ ئارا قۇشلار يېقىملىق نەزمىگە چۈشتى،
ئېرىپ مۇز ئىللىدى ئالەم، ھاياتقا گۈل سۇنار كەلدى.

قېقىپ پەر قارلىغاچ لەرزان، ۋىچىرلاپ سايرىشىپ كۆكتە،
باھارغا ئاپىرىن ئېيلەپ، ئەجەبمۇ خۇش دىدار كەلدى.

چېچەككە پۈركىنىپ باغلار ياساندى چاقنىتىپ كۆزنى،
دىماقنى مەست قىلىپ سەلكىن شامالدا ھىد-ئىپار كەلدى.

كۆۋەجەپ ئاقتى دەريالار ھەۋەستە توۋلىشىپ ناخشا،
گىياھقا لەۋ يېقىپ سۆيگۈ - مۇھەببەت ئويغىتار كەلدى.

تۈرۈپ يەڭ ئاق كۆڭۈل دېھقان ئېتىزغا قوندى شۇڭقاردەك،
ھوسۇلنىڭ ئىشقىدا قەلبى - دىلىدا ئوت يانار كەلدى.

باھارنىڭ سېھرىدىن ئەنۋەر سۆيۈنمەس نە ئۈچۈن بۇدەم،
ھاياتى پەسلىگە ئوتتۇز چېچەكلىك تىلتۇمار كەلدى.

1993 - يىلى يانۋار

## ئانا قەسىدىسى

ئانا، ئۇ ـ دىلغا ئاراملىق بەرگۈچى خۇشبۇي ھاۋا،
پاك ساداقەت، سۆيگۈ بىرلە ئۇلغىيىپ يانغان لاۋا.

ئانا، ئۇ ـ مېھرى ۋاپانىڭ بەلگىسى، گۈل تاجىسى،
ئېتىقاد، سەۋرى ـ چىدامدىن ياڭرىغان ئۈنسىز سادا،

ئانا، ئۇ ـ قايناق ھاياتنىڭ مەنبەسى، مەزمۇت ئۇلى،
چىن ھايات گۈلشەنلىرىدىن بالقىغان ئۇچقۇر ساباھ.

ئانا، ئۇ ـ پۈتكۈل جاھاننىڭ ھېكمىتى، ياڭراق كۈيى،
چېھرى ئاي، كۆڭلىدىنمۇ نۇرلۇق، خىسلىتى تۇپراق گويا.

ئانىنىڭ ئەجرى مۇقەددەس، ھۆرمىتى چەكسىز، تېرەن،
بىر ئۆمۈر يازساقمۇ داستان تەرىپى بولماس ئادا.

1993 ـ يىلى يانۋار

# بارمۇ

يىلىنجار قارچۇقۇڭ چوغدەك ۋىسالىنىڭ ئەختىرى بارمۇ،
نىگاھىڭ ئەۋجىدە ئىشقى مۇھەببەت زەنجىرى بارمۇ؟

بىقىپ بىر دىلغا ئوت سالدىڭ قىلىپ ئەقلىمنى لال - ھەيران،
قاقار پەر ھىيسلىرىم ۋەسلى باھارىنىڭ كەۋسىرى بارمۇ؟

قاقاقلاپ ياڭرىغان كۈلكەڭ سامانى لەززىگە سالدى،
شۇ كۈلكەڭ تەكتىدە سۆيگۈ- ۋاپانىڭ پەنجىرى بارمۇ؟

تۆكەر ھىد گۈل يۈزۈڭ چۈغلۇق مىسالى دىل بىغىم ئىچرە،
مىنىڭ ئىشقىمغا قەلبىڭدە ساداقەت ئەنبىرى بارمۇ؟

ئىشق دەردىگە يوق ھالىم، تېنىمدە قالمىدى جانىم،
كى ۋەسلىڭ سىھرىدە پىنھان پىراقىنىڭ خەنجىرى بارمۇ؟

1994 - يىلى فېۋرال

# دىلبەر

مېنىڭ دەردىمگە كىم يەتكەي، سېنىڭدىن باشقا، ئى دىلبەر،
كى ئىشقىڭ بائىسى كۆزدىن تۆكۈلگەن ياشقا، ئى دىلبەر.

كۆڭۈل خانەمگە نۇر تۆكتۈڭ قاچانكى بىر نىگاھ تاشلاپ،
بىھوشمەن تەنلىرىم سەزگۈ ـ ماداردىن باشقا، ئى دىلبەر.

بېقىپ ۋەسلىڭگە ئارماندا تالاي يىل ئۆتتى قان يىغلاپ،
ئۈمىدلەر سېھرىدە سۆيگۈم كۆنۈپ ئالداشقا، ئى دىلبەر.

ئەجەبمۇ كەلمىدى رەھمىڭ، ئوتۇڭدا بولدى كۈل باغرىم،
ۋەيا ئايلاندىمۇ ئاتەش يۈرەكىڭ تاشقا، ئى دىلبەر.

يۈتۈپ خۇن ئۇشبۇ دۇنيادىن ۋىسالسىز كەتمىسۇن ئەنۋەر،
ۋىسالىڭ شامىنى ياندۇر ئەبەد دىلداشقا، ئى دىلبەر.

1994 ـ يىلى سېنتەبىر

# سەن ئۈچۈن

ئى پەرى، مەن قانچە رەت كەچتىم جاھاندىن سەن ئۈچۈن،
نە جاھاندۇركى، ماڭا ئەزىز بۇ جاندىن سەن ئۈچۈن.

ئەيلىگەچ باغرىمنى خۇن ئىشقى پىراقىڭ ھەر نەپەس،
سارغىيىپ بولدى بەتتەر رەڭگىم ساماندىن سەن ئۈچۈن.

تەلمۈرۈپ شامۇسەھەر ۋەسلىڭ ئۈچۈن قان-ياش تۆكۈپ،
بولمىدىم ئەسلا جۇدا ھەسرەت - پىغاندىن سەن ئۈچۈن.

ئاھ، نىتەي دىل باغلىرىم بولدى خازان ئىزدەپ ۋىسال،
يەتمىدىم ۋەسلىڭگە ھىچ، ئاشتىم داۋاندىن سەن ئۈچۈن.

كۆيدۈرۈپ، سۆيدۈرمىسەڭ بۇ جان بولۇر تەندىن جۇدا،
رەھمى قىل، شەيدائى دىل بەردى ئىماندىن سەن ئۈچۈن.

1994- يىلى سىنتەبىر

# دەيمەن

قۇياشنى ئېھگۈلۈم، كۈن ـ تۈن سېنىڭ كۆكسۈڭدە بار دەيمەن،
ھاياتلىق پەسلىنى ئوتلۇق نىگاھىڭ ئويغىتار دەيمەن.

تۆكۈلسە قارچۇقۇڭدىن نۇر بولۇر ئالدىمدا كۈن پەيدا،
شۇ نۇرنىڭ سېھرىدە قۇتلۇق ھاياتىم باشلىنار دەيمەن.

تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ بىھوش ـ خىرامان چايقىلار دۇنيا،
لەزىز كۈلكەڭدە غەم ـ قايغۇم، ۋىسالغا ئايلىنار دەيمەن.

مالامەت يەتسىمۇ ئىشقىڭ يولىدا ئۇشبۇ جانىمگە،
سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ بىرلە، ئەمەس ئۇ مەڭگۈ خار، دەيمەن.

نە ئارمان، يەتسە ۋەسلىڭگە يورۇق دۇنيادا شەيدائى،
شۇڭا سۆيگۈڭنى ئۆمرۈمگە يارالغان نەۋ باھار دەيمەن.

1995 ـ يىلى سېنتەبىر

# ياراشىپتۇ

بېشىغا گۈل بولۇپ قونغان چىمەن دوپپاڭ ياراشىپتۇ،
سىياقىڭ مىسلى ئاي تولغان، خېنە، ئوسماڭ ياراشىپتۇ.

قىرىق تال ئۆرۈگەن ساچىڭ، يىلاندەك تاشلىنىپ يەرگە،
چېكىلگەن بارچە گۈل سىپتا، يىپەك كوپتاڭ ياراشىپتۇ.

خىيالىڭ سۈپسۈزۈك ئاسمان، نىگاھىڭ بىر لىرىك داستان،
پېشانەڭ تەرىدىن پۈتكەن كۈيۈڭ ـ ناخشاڭ ياراشىپتۇ.

ئۆڭۈڭدە ئەسلا يوق پەرداز، قۇياشقا پاكلىقىڭ ئەنداز،
دىلىڭدا شان قۇچۇش ئەلچۈن بۈيۈك بىر ئاڭ، ياراشىپتۇ.

گۈزەل نۇرانە ۋەسلىڭدىن، ھاياتىڭ كۆركى پەسلىڭدىن،
كۈلۈپ شاد خۇش چىراي ئاچقاي گۈزەل بىر تاڭ، ياراشىپتۇ.

1995 ـ يىلى سېنتەبىر

# كۆكلە

ئاتاڭىنىڭ بارىدا كۆكلە، ئاناڭىنىڭ بارىدا كۆكلە،
ئۇلارنىڭ ھىممىتى بىرلە بەخت گۈلزارىدا كۆكلە.

ئاتا تاغ، ئانا ھەم بىر باغ، ھاياتتا ئەڭ مۇقەددەس چاغ،
قەدىرلەپ ئۇشبۇ پۇرسەتنى ئىجاد تۇلپارىدا كۆكلە.

ئاتاسىز ـ ئاناسىز ئۆمرۈڭ قاناتسىز چاغلىرىڭ بىلسەڭ،
قاناتسىز قۇشتا نە پەرۋاز ئىرۇر، قىل جان پىدا، كۆكلە.

ئەجىرسىز خۇش چىراي ئاچماس كېلەچەك دىلبىرى زىنھار،
تېپىپ ئەجرىڭدە بەختىڭنى ۋاپا ئىزھارىدا كۆكلە.

ئاتا ھەم ئانىنىڭ قەلبى كۈلەر پەرزەنتى شان قۇچسا،
ئۇلارنى سەن رىزا قىلماق ئۈچۈن بول باشپاناھ، كۆكلە.

1995 ـ يىلى سېنتەبىر

# مەۋجۇتمۇ

بىشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟
ھاياتتا بەختى ھەم كۈلمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟

پەسىللەر ئىز بىسىپ قوغلاپ ئۆتەر مەڭگۈگە توختاۋسىز،
قۇياشى، ئاسمىنى ئۆچمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟

باھاردا كۈلسە گۈل، كۈزدە سولار ئارماندا، نەچارە،
ھامان قىسمەتكە تەن بەرمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟

ئۇچار قۇش شۇنچە ئازادە قاناتى بىرلە ئاسماندا،
ۋىسالغا مەڭگۈ ئىنتىلمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟

بۇ دۇنيا بارچە ئىنسانىنى سالار ھەركويغا، ئەپسۇسكى،
كۆڭۈلنىڭ كەينىدە يۈرمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟

ئەجەب ھە، كۆز ئاچار ئىنسان، ھاياتقا تۇنچى رەت يىغلاپ،
بىراق كۈي ـ ئاھاڭى ئۆزگەرمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟

ئايا شەيدائى، جان تەندە ئامانەت، بول شۇڭا پاك دىل،
جاھاندا ئەبەدىي ئۆلمەس كىشى دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟

1995 ـ يىلى دېكابىر، يوپۇرغا

# بەخت

ئەجەب شەمشادنى ماختايسەن، كۆزۈڭ تۇپراققا ئاغمايدۇ،
بەخت ـ شادلىققا قانمايسەن، چېكەڭدىن تامچە ياغمايدۇ.

نادانلىق ئىلكىدە ياشلىق باھارىڭ قالسىمۇ گۈلسىز،
نېچۈن تەگتۈشلىرىڭ ئىچرە ھاياتىڭ باغى چانمايدۇ.

ھاياتىڭ ئۆتسە غەپلەتتە قالارسەن ئاقىۋەت داغدا،
ئەجىرسىز بەندىدىن ئەلگە پەقەتلا تۆھپە قالمايدۇ.

ھاياتىڭ مەنزىلى مۈشكۈل، بەخت ۋە قايغۇسى قوشماق،
نېچۈن مەنزىلگە يەتمەككە دىلىڭدا سۆيگۈ يانمايدۇ.

قەدەم ئال ئويلىنىپ ھەردەم بەختىڭ مەنبەسى تەردە ،
شۇ تەردىن تاپسا قۇت ئۆمرۈڭ، بەخت بۇلبۇلى سايرايدۇ.

1997 ـ يىلى دېكابىر

# بىر قېتىم

مەن يېرىپ كۆردۈم بۇگۈن تىلغاپ ئۆزۈمنى بىر قېتىم ،
پاكلىنار دەپ لىقلا قان تولغان كۆزۈمنى بىر قېتىم .

ئۆتىسمۇ ھەربىر دەقىق ئىگراپ نادانلىق دەشتىدە ،
ھېچ خىجالەت سەزمىگەن داپتەك يۈزۈمنى بىر قېتىم .

ماختىنىپ ئەل ئالدىدا ئەجدادلىرىمنى پەش قىلىپ ،
«ئارزۇ ھەم ئارمان» بىلەن پۈتكەن سۆزۈمنى بىر قېتىم .

ئۆزگىلەر يۈرسە سامادا ، مەن يېتىپ سۈت ئۇيقۇدا ،
مەنىسىز مەنزىل تامان باسقان ئىزىمنى بىر قېتىم .

بولمىدى زىنھار تەسەللى ئاقىۋەت پۇشمان - ئازاب ،
چاپىندىم «تەنقىد» دېگەن «ئاچچىق ئۈزۈم»نى بىر قېتىم .

1998 - يىلى ئاۋغۇست

# ئىچۋەر

رەھمەت ئېيتىپ ساقىيغا ئىچتىڭ بىھوش، ئىچۋەر،
ئەپۇ سوراپ، كۆكسۈڭگە تەگسىمۇ مۇشت، ئىچۋەر.

كەتتى ئالتۇن چاغلىرىڭ، سولدى ئۆمۈر باغلىرىڭ،
چۈشكۈنلۈكنىڭ بېغىدا بولۇپ ھۇۋقۇش، ئىچۋەر.

ئىچىپ رەڭگىڭ سولسىمۇ، قەلبىڭگە دەرد تولسىمۇ،
ئەسلا ئازاب چەكمەيسەن ياشاپ گومۇش، ئىچۋەر.

ئىنسانلىقىڭ ئەستە يوق، چۈنكى دىلىڭ قۇپقۇرۇق،
قۇرۇق دىلغا نە ھاجەت كۆڭۈل قويۇش، ئىچۋەر.

قاراپ باسقان يولۇڭغا، رومكا تۇتقان قولۇڭغا،
كۈلكە قىستار ھەركىمنى، بەرمەي تونۇش، ئىچۋەر.

دەيسەن «مەنغۇ مەست ئەمەس، يوللار ئىكەن ئېگىز-پەس»،
شۇ تۈيغۇدا كۆڭلۈڭنى ئېيتىپ سەن خۇش، ئىچۋەر.

پۇلسىز ئىچىپ تويغۇچە، ئاتالدىڭ خوپ قويمىچى،
قەرزىڭ بولسا ئاتاڭ بار، نېمە قورقۇش، ئىچىۋەر.

چىقماي مەڭگۈ بوتكىدىن، ئىچىپ «سەنتەي»، «ۋوتكىدىن»،
تېنىڭ بىلەن بىر - بىرلەپ قىلىپ ئۇرۇش، ئىچىۋەر.

ئۆلسەڭ گۆردە قويارمىز، مەي كۆلدە يۇيارمىز،
راۋا كەلسە مۇرداڭنى مەيدە يۇيۇش، ئىچىۋەر.

1998 - يىلى ئاۋغۇست



# گۇناھ بولسا

جاھاندىن تاق ئۆتەي مەڭگۈ سېنى سۆيگەن گۇناھ بولسا،
سېنىڭ ئىشقىڭدا گۈلخاندەك يېنىپ كۆيگەن گۇناھ بولسا.

ۋىسالىڭ دەشتىدە چاڭقاپ باھارىم سولسىمۇ ھەي ـ ھەي،
ئاتاپ بۇ جاننى ۋەسلىڭگە ئۆمۈر سۈرگەن گۇناھ بولسا.

بولۇپ چىن سۆيگۈگە سادىق ئەقىدەمدىن ياساپ دەريا،
چۆكۈپ تەكتىگە غەۋۋاستەك گۆھەر سۈزگەن گۇناھ بولسا.

پىراقىڭ ھەر نەپەس قىيناپ تەۋەللۇت قىلسىمۇ كۈلپەت،
كى ھەسرەت چەكمەيىن لەززەت سېزىپ كۈلگەن گۇناھ بولسا.

ۋاپا نە، سۆيگۈ نە بۇدەم تونۇتتى بۇ ھايات ئاخىر،
ئۆتەي تاق گەر ساداقەتنى ئۇلۇغ بىلگەن گۇناھ بولسا.

1998 ـ يىلى ئاۋغۇست

## يوقتۇر

ھاياتلىق ئالىمى ئىچرە ھەسەتخوردەك نادان يوقتۇر،
دىلى كور، تەشۋىشى چەكسىز، نىيەت ـ پەيلى يامان يوقتۇر.

بىراۋ گەر كۈلسە، شادلانسا شۇئان ئۇ قان يۇتۇپ ئىڭرار،
زەھەر چاچماققا، چاقماققا ئۇنىڭدەك شۇم چايان يوقتۇر.

ئەمىنلىك ئاتسا قۇت ئەلگە تىنىمسىز ئۆرتىنەر باغرى،
ھاياتلىق پەسلىدە بەلكى ئۇنىڭدەك سوغ تۇمان يوقتۇر.

ھەسەتخور، بىلكى دۇنياغا تۇرەلگەن ئادىمىي ھايۋان،
يولۇڭدا ئۇ كەبى پىنھان خەتەرلىك ھاك ـ داۋان يوقتۇر.

پەخەس بول مەڭگۈ ئى دوستۇم، ھەسەتخور، دىلى كورلاردىن،
ئۇ باركى تىنچ ياشاش مۈشكۈل، ھۆكۈم بۇ ھېچ گۇمان يوقتۇر.

1998 ـ يىلى ئاۋغۇست

# يوق

ئەجىرسىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ قىممىتى - مەناسى يوق،
ئەل ئارا مەڭگۈگە چىن دوست، سىردىشى- ھەمراسى يوق.

خۇش باقار ئۇشبۇ ھاياتنىڭ مەنزىلى قان - تەر بىلەن،
ئۆتسە كىم غەپلەتتە تەرسىز، سۆيگىلى رەناسى يوق.

بىر كېلەر دۇنياغا ئىنسان، يېنىپ - ئۆچەر چاقماق ئۆمۈر،
قالسا ئۇ ئىزسىز، زىياسىز شاھىتى - ھەغداسى يوق.

قەدرىگە يەتسەڭ ھاياتنىڭ ئال بىلىم، قىلغىن ئىجاد،
شۇندا قۇت تاپقايكى ئۆمرۈڭ سورىقى - غوۋغاسى يوق.

چۈش قېنى شەيدائى، مېھنەت دولقۇنىنىڭ ئەۋجىگە،
ئۆتمىگىن مەۋجۇتلۇقۇڭدا مامكىپى، لەيلاسى يوق.

1998 - يىلى ئاۋغۇست

# تاپتىم

جاھانغا كۆز ئېچىپ بۇ دەم ۋاپادار بىر ئانا تاپتىم،
ھايات ۋەسلىگە يەتمەككە مۇقەددەس باشپاناھ تاپتىم .

بېرىپ ئۇ مېھرىنى قوشتى قاتارغا، كۈلدى ئىقبالىم،
ياشاپ چىن، كۆككە ئۆرلەشكە قۇياشلىق كەڭ ساما تاپتىم.

يۈرەكتە ياندى ئەل ئىشقى، ۋاپادىن پۈتتى ۋىجدانىم،
ھاياتنى تەردە گۈللەشكە ئەبەدلىك رەھناما تاپتىم.

چېلىشلار قوينىدا تاۋلاپ ماڭا ئۇ بەردى شان-شۆھرەت،
بۇ ئۆمرۈم پەسلىگە زەپمۇ سۈزۈك ھەم پاك ھاۋا تاپتىم.

دىلىمدا يوق تۈگۈن، ھەسرەت، ۋەتەنكى مەڭگۈلۈك غەمخان،
ئۇنىڭ ھۆر بەختىنى كۈيلەپ تۆكۈپ كۈي خۇش ناۋا تاپتىم.

1998 - يىلى ئاۋغۇست

## ئەر بولساڭ

زىنھار ئىنسان ھەققىدە غەيۋەت قىلما، ئەر بولساڭ،
غۇبارسىز-پاك ئەقلىڭنى مەينەت قىلما، ئەر بولساڭ.

ھايات يولى ئېگىز - پەس، ناكەسلەرگە ۋىجدان خەس،
ناكەسلىكنى ئۆزۈڭگە ئۇلپەت قىلما، ئەر بولساڭ.

ۋىجدان ئەرنىڭ زىننىتى، ئۇنسىز يوق ھېچ قىممىتى،
غالىب ياشا، ئۆمرۈڭگە كۇلپەت قىلما، ئەر بولساڭ.

ھايات بولساڭ بىر تىنىق، ئاق-قارىنى بىل ئېنىق،
دۈشمىنىڭگە ئەبەدىي شەپقەت قىلما، ئەر بولساڭ.

ئۆمرۈڭ شۇندا قۇت تاپار، ئىقبالىڭ ھەم نۇرلىنار،
مەڭگۈ ئەجىر-تۆھپەڭگە مىننەت قىلما، ئەر بولساڭ.

1999 - يىلى ئۆكتەبىر

# ھەسرەتنامە

بۇرۇلسام ئارقىغا ئۆمرۇم بېتى ئاق قاپتۇ-ئاق قاپتۇ،
بىخۇدلۇق ئىلكىدە قەلبىم قېتى چاك قاپتۇ-چاك قاپتۇ.

ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۇنى ساپ تەردە كۆكلەتمەي،
ئىجادىم باغىدا ھەي - ھەي قۇرۇق شاخ قاپتۇ-شاخ قاپتۇ.

زەپەر - شان قۇچتى تەڭتۇشلار تاقاپ كۆكسىگە ئەڭگۈشتەر،
پېتىپ غەپلەتكە، مەنزىلدە ئېتىم تاق قاپتۇ - تاق قاپتۇ.

پۇشايمان دەشتىدە تەنھا تۆكۈپ ياش ئىزدىسەم ئىقبال،
دېدىكى مەنزىلىم: ئەقلىڭ ئەجەب ۋاق قاپتۇ-ۋاق قاپتۇ.

دىلىمنى ئۆرتىدى ھەسرەت، بېشىمغا چۈشتى غەم، كۈلپەت،
بىلىنمەي ئاق كىرىپ چاچقا، ئۆمۈر ئاز قاپتۇ - ئاز قاپتۇ.

2001 - يىلى مارت

# ئالدامسەن

ئەجەب كۆپ ئالدىدىڭ ھەي ـ ھەي ، يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن ؟
يۈرەر دەپ ئالدىسام سەزمەي، يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن؟

ھىيلەڭ كۆپ، «خىسلىتىڭ» كۆپكەن شۇڭا قەلبىمنى ئۇۋلاپسەن،
ئۇنى سەزسەممۇ شەكسىنمەي، يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن؟

مۇرادىڭ سۆيدۇرۇش بىرلە ئىكەن كۆڭلۈڭنى خۇش ئەتمەك،
دىلىڭدا بىر سۆيۈش ئۇنمەي يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن؟

پۇشايمان دەشتىدە چەكسىز ئەلەم ـ ھەسرەتتە تولغاندىم،
ۋاپاڭ قەدرىنى بىلمەي يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن؟

ۋاپاسىز سۆيگۈ پەيسىز قۇش، ئۇنىڭ پەرۋازى نە بولمىش،
بىلىپ ياشىمنى گۈلگۈن مەي، يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن؟

گۇناھتۇر بەلكى دىل بەرگەن نىگارنى زارۇقاقشاتماق،
بىراق بىر مەررە كۈلدۈرمەي يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن ؟

يېرىلدى ئەمدى تاقەتىنىڭ قاچاسى، بولدى مىڭ پارە،
كۆزۈمدىن ياندى ئوت، كۆرمەي يەنە مەيلىڭچە ئالدامسەن؟

2001 ـ يىلى ئىيۇل



# بىر كۆرسەك

دىلىڭدا سۆيگۈ ـ ئىلھامىڭ تاشار سەھرانى بىر كۆرسەڭ،
دېھقانغا ھۆرمىتىڭ چەندان ئاشار سەھرانى بىر كۆرسەڭ.

ھاياتقا ئېتىقادىڭدىن بېرەرسەن قايتا چىن تەبىر،
ياشاشىنىڭ مەنزىلى پاك نۇر چاچار سەھرانى بىر كۆرسەڭ.

تېنىڭگە جان ئاتا قىلغان ئەمەسمۇ شۇ زېمىن ـ تۇپراق،
زېمىنىنىڭ مېھرى زېھنىڭنى ئاچار سەھرانى بىر كۆرسەڭ.

نامايان ھەر گىياھ، ھەر تۇپ كۆچەتتە ئەجرى دېھقانىنىڭ،
خىيالىڭ كۆكىدىن غەپلەت قاچار سەھرانى بىر كۆرسەڭ.

گۈزەللىك ئىزدىسەڭ قەلبىڭ بېغىغا مەڭگۈ ئۇ ئەنداز،
قېنىڭدا ئىزگۈلۈك كەلكۈن ياسار سەھرانى بىر كۆرسەڭ.

2003 ـ يىلى ئۆكتەبىر

# قوغلىشىپ

ئۆتمىدىم ئۆمرۈمدە ھېچ راھەت-پاراغەت قوغلىشىپ،
ئۆزگىدىن تىلەپ پاناھ ۋەياكى ئامەت قوغلىشىپ.

ئىز بېسىپ ۋىجدان بىلەن تاپتىم ياشاشقا كەڭرى يول،
ئازمىدىم گۈل تەڭلىسە شەيتانلار، قامەت قوغلىشىپ.

تاۋلىنىپ مۈشكۈل-جاپا قوينىدا بولدۇم تەۋرىمەس،
ئەل ئۈچۈن ساپ تەر تۆكۈپ، پۈتمەس سائادەت قوغلىشىپ.

دىل بېغىم پاك شۇ قەدەر، يوق ئۇندا مىننەت مېۋىسى،
يايرىسا خەلقىم شۇدۇر بەختىم قانائەت قوغلىشىپ.

سال قۇلاق، شەيدائى دەر: تەقدىر قولۇڭدا ھەرقاچان،
بى ئەجىر كۈتمە بەخت ئۆمرۈڭگە تائەت قوغلىشىپ.

2003- يىلى ئۆكتەبىر

## ساق بولسا

ئۆمرۈڭ بەخت ـ قۇت تاپار ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا،
ئالقىنىڭدىن گۈل ياغار ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا.

تەنىڭ ئىمەن ـ ساقلىقى بىلگى چەكسىز بايلىقتۇر،
ئارمانلىرىڭ پەر قاقار ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا.

هايات كۆركى ھەركەتتۇر، ئۇنسىز نېمە مەنىسى؟
ئىقبال قىزى خۇش باقار ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا.

ئاسرا بەردەم تېنىڭنى، سۇ كەلگۈچە تۇغان سال،
سەل باسسا گەر يوق ئامال، ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا.

مەنزىل ئۇزاق ھەم مۈشكۈل يەتمەك قىيىن ماغدۇرسىز،
تاپالايسەن كۈچ ـ مادار ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا.

يەتسەڭ ھايات قەدرىگە مۈشكۈلاتقا تىز پۈكمە،
جەسۇرلۇقۇڭ تاۋلىنار ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا.

سولماس ئۈمىد باغلىرىڭ چېچەپ مەڭگۈ خۇش پۇراق،
ماكان ئەيلەر نەۋ باھار ئالتۇن تېنىڭ ساق بولسا.

2005 ـ يىلى سېنتەبىر

# ئايلىناي

پاك، گۈزەل سەھرا قىزى، چاقچاقلىنىدىغان ئايلىناي،
مىڭ باھار تەپتىدە خۇش باقچانلىنىدىغان ئايلىناي.

تەر تۆكۈپ قىلدىڭ بىنا ئىقبال بېغىڭنى شۇنچە ئۆز،
شان قۇچۇپ مەنزىلدە پەر قاقچانلىنىدىغان ئايلىناي.

تاۋلىنىپ ئالتۇن كەبى جەڭگاھتا، مېھنەت قويىندا،
قۇت-ۋىسال قەنتىنى خوپ چاقچانلىنىدىغان ئايلىناي.

ئويغىتىپ ھەر تاڭ سەھەر خۇرشىدنى شېرىن ئۇيقۇدىن،
ئانا يەر ھۆسنىگە گۈل قاتقانلىنىدىغان ئايلىناي.

يوق پەقەت قەلبىڭدە كىر چولپانغا ئەنداز خىسلىتىڭ،
تاپ مۇراد، شەيدائىغا باقچانلىنىدىغان ئايلىناي.

2005- يىلى سېنتەبىر

## ئىزدىسەڭ

جان تەسەددۇق ئەيلىگىن ئۆمرۈڭگە مەنە ئىزدىسەڭ،
ئاشۇ ئۆمرۈڭ ئىچرە شان - نۇسرەتنى ھەمراھ ئىزدىسەڭ.

بۇ ھاياتنىڭ مەنزىلى باقمايدۇ خۇش تەر-ئەجىرسىز،
يۈكمە تىز مەنزىلدە قۇت تاپماققا قەنە ئىزدىسەڭ.

كۆزلە ئىقبال ئەتىچۈن، ھېكمەتكە باي بۇ كائىنات،
سىرلىرىنى يەش، مۇراد ۋەسلىگە بەرنا ئىزدىسەڭ.

قۇش قاناتسىز كۆك ئارا پەرۋاز قىلالماس ھېچقاچان،
ئىختىرا قىل مەڭگۈ پەر قاقماققا سەينا ئىزدىسەڭ.

دىل بېغىڭدا خۇش پۇراق چاچمامدۇ ئىقبال گۈللىرى،
ئەقلۇ ۋىجدان قەسرىدىن سۆيمەككە رەنا ئىزدىسەڭ.

2005- يىلى سېنتەبىر

## ۋىجدان قەسىدىسى

ھاياتنىڭ زىنىنتى - كۆركى، باھارى،جەۋھىرى ۋىجدان،
ئۆمۈرنىڭ قىممىتى - نەرخى، بەختىنىڭ ئەختىرى ۋىجدان.

باھار ئۇ ئويغىتار روھنى، بېغشلاپ بىغۇبار خىسلەت،
قۇياش ئۇ مەڭگۈ ئولتۇرماس ساداقەت كەۋسىرى ۋىجدان.

قاناتسىز قۇش ساما-كۆكتە قىلالماس ھېچقاچان پەرۋاز،
ئەقىلنىڭ ئەھلى ئىنسانغا قاناتنىڭ تەسۋىرى ۋىجدان.

ۋاپادىن، ئەجىردىن تەنھا كىشى مەۋجۇتلۇقى قايدا،
ئۆمۈرنىڭ تاڭلىرى ئىچرە ۋىسالنىڭ پەنجىرى ۋىجدان.

بىرەر كۈچ چاڭقىغان روھقا، يىراق ئۇ قەلبى كورلاردىن،
ناكەسلەر باغرىغا پاتقان ئەجەلنىڭ خەنجىرى ۋىجدان.

تاپار قۇت بارچە ئارمانلار، ھالال تەر، ئەجرى-مېھنەتتە،
بەخت بىر ئۇستىخان بولسا، يىلىكنىڭ نەق ئۆزى ۋىجدان.

قەدىرلە ـ قوغدا ۋىجداننى، ياشا پاك مەڭگۈ شەيدائى،
پەخەس بول بوغمسۇن گالدىن ئاھانەت زەنجىرى ۋىجدان.

2005ـ يىلى ئۆكتەبىر



# كۆپتۇر

ھاياتلىق مەنزىلى ئىچرە سىناق كۆپ، ئىمتىھان كۆپتۇر،
تىكىپ جان شان قۇچار ئوغلان، پىداكار قەھرىمان كۆپتۇر.

ۋىسال ـ قۇت باغرىنى ئاچماس دىلى كور ـ روھى خەسلەرگە،
ساداقەت ئەھلىگە ئىلھام ـ مەدەت كۆپ، مېھرىبان كۆپتۇر.

كىمىكى قەدرىگە يەتمەس ھاياتنىڭ ۋەسلى پۇرسەتنىڭ،
قەدەمدە يىغلىتار زار ـ زار خەتەر كۆپ، تاغ ـ داۋان كۆپتۇر.

بەدەلسىز كۈلمىگەي ئىقبال، بىلىڭنى يەشمە مۈشكۈلدە،
ئۈمىدنى يەكلىگەن دىلدا گۇمان كۆپ، دەرد ـ پىغان كۆپتۇر.

پىداكار بولكى شەيدائى ۋەتەن ـ خەلقىڭگە، ئەھدىڭگە،
سېنى ئەل سۆيسە ئوغلۇم دەپ جانان كۆپ، ئاشىيان كۆپتۇر.

2005ـ يىلى ئۆكتەبىر

# ئۈچراشساق

تىللىرىمىز زۇۋانىدىن قالار ئەجەب ئۈچراشساق،
يۈرەكلەر شوخ، رىتىمسىز سالار ئەجەب ئۈچراشساق.

شەبنەم قونۇپ كىرپىككە، روھلار چۆمۈپ سۈكۈتكە،
ۋۇجۇدلار ئاھ ماغدۇرسىز تالار ئەجەب ئۈچراشساق.

قارچۇقلاردا يېتىرقاش، دىلدا چەكسىز ئېچىرقاش،
بۇ ئالەمنىڭ كەڭلىكى چانار ئەجەب ئۈچراشساق.

دەۋرەپ تىنىق - نەپەسلەر، يوقاپ تەشۋىش-ۋەسۋەسلەر،
قانلار گويا ئوت بولۇپ يانار ئەجەب ئۈچراشساق.

سۆيگۈ شۇنداق مۇقەددەس، مەڭگۈ ئۈندىن ئال نەپەس،
قۇچاق ئاچار قۇتلۇقلاپ باھار ئەجەب ئۈچراشساق.

2005- يىلى دېكابىر

# ساقلايمەن

نىگار، جان بولسىلا تەندە سېنى مەڭگۈگە ساقلايمەن،
ھاياتىم بىرلە تەقدىرداش ۋاپا - سۆيگۈگە ساقلايمەن.

ھاياتلىق مەنزىلى بىزنى دىداردىن قىلسىمۇ مەھرۇم،
ئۈمىدتىن خۇش پۇراق چاچقان ۋىسالغا، گۈلگە ساقلايمەن.

لاۋا-ئوت تاۋلىغاچ ئالتۇن يېلىنجاپ چاقنىتار كۆزنى،
ساداقەت بابىدا كۈننى قىلىپ مەن ئۈلگە ساقلايمەن.

يېتىلدى سۆيگۈمىز ئەڭ پاك مۇھەببەت سېھرىدىن بەردەم،
كۈلۈپ خۇش باغرىنى ئاچقان گۈزەل مەنزىلگە ساقلايمەن.

تۇتاش دىل رىشتىمىز مەڭگۈ مۇراد تاپماققا ئىمكان كەڭ،
قۇچۇپ شان گۈل تاقاپ كەل يار، ۋىسال پەيزىگە ساقلايمەن.

2006- يىلى ئاپرېل

## ئۆمۈر تەشۋىشى

يۇمۇپ كۆز ئاچقۇچە ياشلىق ئۇزاپ، ئاھ بوپتۇ چاچلار ئاق،
شۇ يىللار يول سېلىپ ئۆڭگە جەسۇر قامەتمۇ گال ئورغاق.

ۋۇجۇدلار سىرقىرار پات ـ پات، قايار باش پىرقىراپ پات ـ پات،
پىكىر بى ئىختىيار، غەملەر ئېتىلغان خۇددى ئاقبالداق.

قەدەملەر قىسقا ھەم جانسىز، نەپەسلەر كالتە،كۆز نۇرسىز،
مىجەز دەم ئۆزگىرىپ، تەنلەر بۇ دەم بىر كۈنمۇ تۇرماس ساق.

ئۇزار تۈن نەچچە رەت جۆيلۈپ، ئېشەر تۇيغۇمنى كەچمىشلەر،
بۇرۇلسام ئارقىغا باسقان ئىزىمدا شۇنچە كۆپ سوراق.

دېدىم: ھەي كەپتۇ بۇ ئۆمرۈم بېغىغا راستلا كۈز پەسلى،
بولۇر نە باسسا قىش بۇ باغ، تۆكۈلسە ياپىيېشىل ياپراق.

2006 ـ يىلى ئىيۇل

# كۆتمەيمەن

كۆتتۈم سېنى بەك ئۇزاق، ئەمدى زىنھار كۆتمەيمەن،
كۆتۈش سېنى بىر ئۆمۈر كەلدىغۇ ھار، كۆتمەيمەن.

ۋەدىلىرىڭ يالغانكەن، سۆيگۈڭ ساختا «قالقان»كەن،
ۋىسال ئىزدەپ كەتتى ئاھ! ياشلىق باھار، كۆتمەيمەن.

ماڭا كۆڭۈل بەردى دەپ، ۋاپادىن گۈل تەردى دەپ،
ئىشەنگىنىم ھەسرەتتىن ياسىدى دار، كۆتمەيمەن.

مەيلىڭ بولسا كەل ئۆزۈڭ، ئۆتمەس ئەمدى «چىن» سۆزۈڭ،
ئەقىدەمنى ئەجەبمۇ ئەيلىدىڭ خار، كۆتمەيمەن.

ھايات ئەمەس مەڭگۈلۈك، ئۇنى خورلاش كۈلكىلىك،
گېزى كەلسە پۇشايمان تۇرالماس ئار، كۆتمەيمەن.

ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ئالدىنىش ئەڭ ئازابكەن،
شۇ ئازابقا ھېچ يۈرەك ئەمەس خۇمار،كۆتمەيمەن.

ھىممىتى كۆپ ھاياتنىڭ، گۆركارىمەن پەريادىنىڭ،
دىل بېغىمغا باشلايمەن قۇتلۇق باھار، كۆتمەيمەن.

2006- يىلى ئىيۇن

# ياشلىقتا

چىن بەختكە مەزمۇت ئۇل سېلىنىدۇ ياشلىقتا،
ئۆمۈر بېغى قاشاغا ئېلىنىدۇ ياشلىقتا.

ئارزۇ -ئارمان قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ سامادا،
تاغمۇ ھەتتا دۆڭسىمان كۆرۈنىدۇ ياشلىقتا.

بولسا جۈرئەت، مۈشكۈللەر ئاڭا غەمكىن باش ئېگىپ،
زەپەر كۈيى جاراڭلىق چېلىنىدۇ ياشلىقتا.

يۈرەكلەردە تىنىمسىز ئىجاد ئىشقى يېلىنجاپ،
تۈنلەر قۇتلۇق تاڭلاردەك سۆيۈلىدۇ ياشلىقتا.

ئۈمىد بىلەن چاقنىغان نىگاھلارنىڭ تەپتىدىن،
ۋىسال گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىدۇ ياشلىقتا.

باسقان ھەربىر قەدەمدىن گۈللەر ئۈنۈپ چۆلدىمۇ،
مەدەت، ئىلھام، شەرەپكە كۆمۈلىدۇ ياشلىقتا.

ياشلىق يېنىپ تۇرغان شام، پەرۋانە بول شەيدائى،
ھايات ئۈچۈن ئۆچمەس نۇر چېچىلىدۇ ياشلىقتا.

2006- يىلى سېنتەبىر

## ھايات قەسىدىسى

ئىنسان ئوتلۇق مېھرىگە قانمايدىغان ھايات بۇ،
كەتسە زىنھار ئارقىغا يانمايدىغان ھايات بۇ.

دەريا بولۇپ گاھىدا بىلىق كەبى ياپراتسا،
گاھى ئوتتا پولاتتەك تاۋلايدىغان ھايات بۇ.

بەخت ئىزدەپ ئەجىردىن زەپەر قۇچقان ئوغلانىنىڭ،
دىل بېغىدا بۇلبۇل شاد سايرايدىغان ھايات بۇ.

ئارمان بىلەن ياشىرار چەكسىز كۆكۈل تۇپرىقى،
ئۇنسە ئۇندا ياۋا ئوت، تاقلايدىغان ھايات بۇ.

ھوسۇل بەرمەس ئەجىرسىز مەڭگۇ تۇرمۇش ئېتىزى،
تەر ئاققۇزۇپ بىر ئۆمۈر ھارمايدىغان ھايات بۇ.

ئېلىپ ھەردەم ئىمتىھان، سىناپ مۇشكۈل-خەتەردە،
پەرھادلارغا رىشتىنى باغلايدىغان ھايات بۇ.

ئاقلاپ ۋىجدان - بۇرچنى، يېتىپ پۇرسەت قەدرىگە،
ياشىغانلار چولپاندەك پارلايدىغان ھايات بۇ.

شادلىقدىن قايغۇسى كۆپ بولسمۇ، لەۋ چىشلەپ،
تىرماشقانلار ئالدىغا چامدايدىغان ھايات بۇ.

پەسىللەرنىڭ قوينىدا تاۋلاپ ئىشەنچ ۋەزنىنى ،
جۇدۇنلاردىن ئەبەدىي ساقلايدىغان ھايات بۇ.

بەزەن ئاپتاپ، بەزىدە سايە تاشلاپ يولۇڭغا،
بىخۇدلاشساڭ ئايىماي بابلايدىغان ھايات بۇ.

ياشا مەغرۇر، زارلىنىپ ياشاش ئۇيات، شەيدائى،
ئۈمىد كۈيىن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ھايات بۇ.

2006- يىلى سېنتەبىر



# سەن كەتسەڭ

نىگار، كۆڭۈل باغلىرىم گۈلسىز قالار سەن كەتسەڭ،
دىل ئاسمىنىم قۇياشسىز، نۇرسىز قالار سەن كەتسەڭ.

سۆيگۈڭ بىلەن تىكلەنگەن ئۈمىد تەختىم قەد كېرىپ،
ئاشۇ تەختىم - ئارمىنىم ئۇلسىز قالار سەن كەتسەڭ.

مېھرىڭ دېڭىز، مەن ئۇندا ئۈزگەن قېيىق يا كېمە،
ئاشۇ كېمە نىشانسىز، رولسىز قالار سەن كەتسەڭ.

ۋەسلىڭ كۆزلەپ بۇ ھايات ئاتلاندى قۇت سەپەرگە،
سۆيگۈ-ۋاپا كارۋىنى يولسىز قالار سەن كەتسەڭ.

كەتمە زىنھار، يات بىزگە ھىجران-ئازاب سەپىرى،
مەۋجۇتلۇقۇم مەنىسىز، كۈيسىز قالار سەن كەتسەڭ.

2006- يىلي سېنتەبىر

## هاياتتا

سۅيۉنگۉدەك ئەۋلادلار يۉزۉك بولسۇن هاياتتا،
ساداقەتتىن نۇرلانغان سۅزۉك بولسۇن هاياتتا.

تۉپتۉز ئەمەس ئۅمۉرنىك مەنزىللىرى، بول بەردەم،
تۉنلەردە يول تاپقۇدەك كۅزۉك بولسۇن هاياتتا.

مەۋجۇتلۇقى ئىنسانىنىك تاپار تەردىن كامالەت،
چۅللەردە گۉل ئاچقۇدەك ئىزىك بولسۇن هاياتتا.

ۋاپا، مىھىر-شەپقەتتىن دۇنيا گۉزەل، دىللار شاد،
سەپ ئالدىدا سۅز ئەمەس، ئۅزۉك بولسۇن، هاياتتا.

ئەقىدەڭدىن، ئەجرىڭدىن سال ئەتەڭگە پاياندار،
ئەلگە مىۋە بەرگۉدەك بىيىك بولسۇن هاياتتا.

2006- يىلى ئۅكتەبىر

# ماختانما

هاياتلىقتا ھەممىگە قادىرمەن دەپ ماختانما،
ئىنسان ئارا تەڭداشسىز نادىرمەن دەپ ماختانما.

بىرنى نوقۇپ، بىرىگە مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ،
خۇشال، مەغرۇر ياشاشقا ماھىرمەن دەپ ماختانما.

قۇلى بولۇپ كۆڭۈلنىڭ كېپىنەككە ئايلىنىپ،
زۆھرە ئۈچۈن جان بىرەر تاھىرمەن دەپ ماختانما.

تۈپتۈز ئەمەس ھېچقاچان ئۇشبۇ ھايات مەنزىلى،
مەڭگۈ شەرەپ تۆرىدە زاھىرمەن دەپ ماختانما.

سۈيى ئۇلۇغ دەريانىڭ تىنچ ئېقىشى بىر ھېكمەت،
مەيدە قېقىپ ئەبەدىي قابىلمەن دەپ ماختانما.

2006- يىلى ئۆكتەبىر

# ئوخشاتتى

مۇھەببەت يار سېنى گۈلگە، مېنى بۇلبۇلغا ئوخشاتتى،
مېنى ھېچ چارچىماس كارۋان، سېنى بىر يولغا ئوخشاتتى.

سېلىپ تىنىچ باشقا مىلك سەۋدا ئازابتىن ئۆرتىبان دىلنى،
سېنى ئاي، مېنى شۇ ئايغا سۇنۇلغان قولغا ئوخشاتتى.

ۋىسال سەلكىنلىرى كۈن ـ تۈن يۈرەكنى يالجىتىپ چوغدەك،
سېنى ئۇز نازى «تەدان» غا، مېنى نەق «گول» غا ئوخشاتتى.

مىسالى قاغجىراق چۆلدەك يېرىلدى باغرى پۇرسەتنىڭ،
مېنىڭ دەرد، ئاھۇزارىمنى مۇقام ـ مەرغۇلغا ئوخشاتتى.

ئەجەب ـ ھە، سەبۆي موھتاجلىق قىلار ھەر كىمنى دىل خەستە،
كۆيۈك ئاھ مېنى پەرۋانغا، سېنى ئوت ـ نۇرغا ئوخشاتتى.

2006 ـ يىلى ئۆكتەبىر

# ئەر دېگەن

قان ـ تەرىدىن قۇت تېپىپ كۆكرىدۇ ئەر دېگەن،
ھاياتلىقىقا يامغۇر بوپ تۆكۈلىدۇ ئەر دېگەن.

چېلىشلاردا تاۋلىنار ئەقىدىسى، ئىقبالى،
بىكار ئۆتكەن كۈنگە ئۆكۈنىدۇ ئەر دېگەن.

ئەل تەقدىرى قەلبىدە يالقۇنلايدۇ ھەر نەپەس،
كۆكرىكىدە تاغنى دەس كۆتۈرىدۇ ئەر دېگەن.

ئەۋلاد ئۈچۈن جان بېرەر پىداكار ئۇ تىز پۈكمەس،
ئەمما ھايا ـ نومۇستىن پۈكۈلىدۇ ئەر دېگەن.

كۆز ئاچقان ئۇ دۇنياغا ياراتقىلى، يەڭگىلى،
ئەجرى بىلەن تارىخقا پۈتۈلىدۇ ئەر دېگەن.

2006 ـ يىلى دېكابىر

# بىر ئوت بار

ئانا سەنچۇن يۈرەكتە ئۆچمەيدىغان بىر ئوت بار،
تاغۇدەريا كۆچسىمۇ كۆچمەيدىغان بىر ئوت بار.

ئەجرىڭ بىلەن ئەر بولدۇم مۈشكۈلاتقا تىز پۈكمەس،
قانلىرىمدا سېنى دەپ كۆكلەيدىغان بىر ئوت بار.

قانات بەردىڭ تۈيغۇمغا، ۋۇجۇدۇمغا ئۆلمەس روھ،
چۈشكۈنلۈكنى، غەپلەتنى ئۆرتەيدىغان بىر ئوت بار.

ئاق سۈتۈڭدىن قەلبىمگە پاكلىق تۇغى قادالغان،
سىناقلاردا مەڭگۈ ياش تۆكمەيدىغان بىر ئوت بار.

ياشاپ ئەلگە تەقدىرداش، ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن،
بەخت تىلەپ، ياتقا تىز پۈكمەيدىغان بىر ئوت بار.

2007- يىلى مارت

# پەخەس بول

كەتمەي دىسەڭ ھەسرەتتە نامەردلەردىن پەخەس بول،
ھالال ياشا، ئەجىرسىز ئامەتلەردىن پەخەس بول.

ھايات يولى ئېگىز-پەس، سىناقلاردا بول بەرجەس،
شادلىقىڭدىن قايغۇرار ئۆلپەتلەردىن پەخەس بول.

دوست مۈشكۈلدە سىنىلار، دىل ۋاپادىن نۇرلىنار،
ئەقىدىدىن ئايرىلغان رىغبەتلەردىن پەخەس بول.

ئەلگە كەڭرى قۇچاق ئاچ، پاك خىسلەتتىن پۇراق چاچ،
ئىككى يۈزلۈك، سۆڭەكسىز قامەتلەردىن پەخەس بول.

ئۆمۈر گويا ئاتقان ئوق، شۇ ئوقتىن تاپ شان - ئۇتۇق،
قەدرىگە يەت پۇرسەتنىڭ، ھەسرەتلەردىن پەخەس بول.

2007- يىلى مارت

# ئويلاپ باق

بۇ دۇنياغا نە ئۈچۈن كەلگىنىڭنى ئويلاپ باق،
باغ ئارىلاپ قانداق گۈل تەرگىنىڭنى ئويلاپ باق.

ساڭا ھايات ئۈمىدتە بەردى بارچە ئىمكانىنى،
ھاياتلىققا سەن نېمە بەرگىنىڭنى ئويلاپ باق.

ئۆمۈر گويا ئاققان سۇ شاۋقۇنلىرى بىر ھېكمەت،
شاۋقۇنلاردىن سەن نېمە سەزگىنىڭنى ئويلاپ باق.

ئارزۇ - ئارمان قۇشلىرى ئەجىر بىلەن پەر قاقار،
سەن قۇش بولۇپ نەلەرنى كەزگىنىڭنى ئويلاپ باق.

ئەجىرىڭگە خاس ھىممىتى، رىغبىتى بار ئالەم بۇ،
دىل بەردىڭمۇ، يا ياتلاپ بەزگىنىڭنى ئويلاپ باق.

2007 - يىل ئىيۇن

## تېپىلغايمۇ (1)

جاھاننى ئىزدىسەم سەنسىز نىگار كۈلكەم تېپىلغايمۇ؟
سىنىڭ دەردىڭنى تارتقاندەك يەنە بىر غەم تېپىلغايمۇ؟

پىراق باغرىمنى خۇن قىلدى، ۋۇجۇدۇم چۆل كەبى ھۇۋلار،
كۆيۈك باغرىمغا ۋەسلىڭدىن بۆلەك چىن ئەم تېپىلغايمۇ؟

ۋۇجۇد ئېلكىمدە يوق بۇ جان، قېقىپ پەرسەن تامان كەتتى،
لېۋىڭ دان بەرسە ئىقلىمدا ئۇنىڭدەك تەم تېپىلغايمۇ.

مۇراد بوستانى ئاشىقنىڭ ئازاب ياشىدا كۆكلەمدۇ ،
تۈگەپ ياش، سولسا گەر بوستان، يەنە كۆكلەم تېپىلغايمۇ.

ئىشق دەشتىدە يول ئىزدەپ ھوشىدىن كەتتى شەيدائى،
تىرىكلىك دەم ئۈچۈن سەندىن بۆلەك زەم-زەم تېپىلغايمۇ.

2007- يىلى نويابىر

# چىققاي

سېنىڭ ھەرتىن ، نىگاھىڭدىن غۇبارسىز كۆي ئۈنۈپ چىققاي ،
ۋىسالدىن نۇر تۆكۈپ تال ـ تال ، قۇياش ئىللىق كۈلۈپ چىققاي .

ۋۇجۇدلار چوغقا تاشلانغان چىۋىقتەك تولغىنىپ گۈلگۈن ،
تومۇردا قانلار ئەۋجەرەپ ، يۈرەك پاژ ـ پاژ كۆيۈپ چىققاي .

قۇرۇپ تەن ، شۈبھى ـ تەشۋىشلەر ئىشق تەپتىدە قاقشال بوپ ،
ۋۇجۇد تۇپراقىدىن سۆيگۈ ـ ئەقىدە شوخ كۈلۈپ چىققاي .

تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ ئىللىق ، چۆمەرمەن نۇرغا راھەتتە ،
ھاياتلىق مەۋسۇمىنىڭ پاك لېۋىدە قان ئۇيۇپ چىققاي .

بەخت ـ قۇت تاپتى شەيدائىڭ ، مېھىر بەھرىڭدە ئېھ دىلبەر ،
ۋىسال گۈلزارىنى مەڭگۈ قۇچاقلاپ چىن سۆيۈپ چىققاي .

2007 ـ يىلى ئاپرېل

# ئۇستازغا

دىسەم لاپ بولمىغاي سىزنى باھادىر ـ قەھرىمان ئۇستاز،
ئاتالغان بارىڭىز ئەلگە ـ ۋەتەنگە ھەرقاچان ئۇستاز.

تىنىمسىز زەر سۆزۈپ غەۋۋاس كەبى پەن تەكتىدىن ھارماي،
سەپەردە قۇچتىڭىز نۇسرەت، ئېشىپ مىڭ تاغ ـ داۋان ئۇستاز.

بولۇپ شام كۆيدىڭىز ئۆنسىز بوغۇنلار ئىشقىدا كۈن ـ تۈن،
پەزىلەت، ئىلمۇ ھېكمەتتە قۇياشسىز پارلىغان ئۇستاز.

ئەقىدە ـ ئەجرىڭىز بىرلە يورۇپ دىل، بولدى يول داغدام،
يېتەكلەپ ئەلنى مەنزىلگە، ياشاشنى تاللىغان ئۇستاز.

قونۇپ قار چاچقا مەزگىلسىز، چىرايغا چەكتى يىللار خال،
بىراق سىز قەددى ـ قامەتتە پۈكۈلمەس نەۋقىران ئۇستاز.

قېقىپ پەر كۆكتە قۇش مەغرۇر ئۇچار قاناتى بىرلە شاد،
ئەقىلگە جۈپ قانات بەرگەن ئۆزۈڭ چىن پاسىبان ئۇستاز.

ئويۇلدى ئاڭغا ـ دىللارغا نەقىش بوپ نامىڭىز مەڭگۈ،
مەدەتكار روھىڭىز بىزگە ھەمىشە ـ ھەر زامان ئۇستاز.

2007 ـ يىلى ئىيۇن

# سورا

چىن ھاياتنىڭ قەدرىنى ئارمانغا قانغاندىن سورا،
قۇت ـ بەختنىڭ ۋەزنىنى چىۋەر قول ـ ئالقاندىن سورا.

گۈل ئېچىلماس چوغلىنىپ قانماي باھارنىڭ ۋەسلىگە،
گۈل ھىدىنىڭ لەززىتىن بۇلبۇلى خەنداندىن سورا.

تاۋلىنار مەنزىلدە مەرد ئوغلانلار باش ئەگمەس بولۇپ،
بۇ سەپەرنى توختىماي باسقان شۇ كارۋاندىن سورا.

جان پىدا قىلماي جانان ۋەسلىگە يەتكەن نەدە بار،
سۆيگۈنىڭ سىھرىنى ھەم ئاشىقى پەرۋاندىن سورا.

يىلتىزى بىرلە تىمەن توغراق ۋە يۇلغۇن ھەرقاچان،
مەۋجۇداتلار سىرىنى تۇپراقكى غەمخاندىن سورا.

بۇ ھايات مەنزىللىرى تۈپتۈز ئەمەس بىل، بول غەيۇر،
قۇت ـ بەخت نەدىن كېلۇر، ۋىجدانى قالقاندىن سورا.

پاك ياشا،ئەجرىڭدە تاپ بەختىڭنى، مەڭگۈ قۇچ ۋىسال،
قىممىتىڭ ـ قەدرىڭنى ئەل باغرىغا ئالغاندىن سورا.

2007 ـ يىلى ئۆكتەبىر

# خىجالەتتۇر

ئايا دىلبەر يۈزۈڭدىن ئاي، كۆزۈڭدىن كۈن خىجالەتتۇر،
زىبا بوستان چېچىڭدىن رەڭ تاللاشقان تۈن خىجالەتتۇر.

يۈرەككە دەللا بەتلەنگەن ساداقتۇر كىرپىكىڭ ھەي ـ ھەي،
لېۋىڭنىڭ ۋەزنىدىن خۇشبۇي، شاراب گۈلگۈن خىجالەتتۇر.

ۋۇجۇد جىسمىڭدا ئاتەشنىڭ سېنى بار، دىلغا چوغ تاشلار،
سۆزۈڭ ھەر تىن ـ دىمىڭدىن خۇش ناۋا ـ كۈي، ئۈن خىجالەتتۇر.

سابادەك شۇنچە پاك تۇيغۇڭ، خۇيۇڭ ئۆرنەككى نورۇزغا،
كى مېھرىڭ ئالدىدا چەكسىز قىيان ـ كەلكۈن خىجالەتتۇر.

تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ ئاپتاپ ياغار قەلبىمگە كۈن يەڭلىغ،
گۈزەل ۋەسلىڭگە مىڭ ـ مىڭلاپ دېسەم تەھسىن خىجالەتتۇر.

2008 ـ يىلى يانۋار

# نورۇز كېلىپ

ئېرىدى مۇز، ئىللىدى يەر، كۈلدى دىل نورۇز كېلىپ،
دەل-دەرەخلەر تاپتى سۈلكەت، قىستى گۈل نورۇز كېلىپ.

چۈشتى دەريا شوخ ساماغا كۈي قېتىپ، بەل تولغىشىپ،
سايرىدى قۇش ئوينىتىپ پەر، ئۆم-ئېجىل نورۇز كېلىپ.

ياپيېشىل تون كىيدى تۇپراق، تۆكتى كۆك شادلىق يېشى،
ناخشىسى ئەركە شامالنىڭ، زەپ ئېسىل نورۇز كېلىپ.

مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى باركى چېھرىدە دېھقانلىنىڭ،
قىز ۋە ئوغلان غەيرىتىدىن تاغ خىجىل، نورۇز كېلىپ.

نە ئۈچۈن كۈي تۆكمىسۇن ئوت قەلبىدىن شەيدائىنىڭ،
سۆيگۈ بىرلە خۇش زۇۋانغا كىردى تىل نورۇز كېلىپ.

2008- يىلى يانۋار

## تېپىلغايمۇ (2)

ھاياتقا ئەجرۇمېھنەتسىز، قەدىر - قىممەت تېپىلغايمۇ،
تېپىشقا ھەمدە چىن قۇدرەت، مەدەت - رىغبەت تېپىلغايمۇ.

ياشالماس قۇشمۇدان - سۇسىز، ئۇچالماس كۆكتە ھەم پەيسىز،
چېكەلمەي تۆكمىسەڭ ساپ تەر بەخت - ئىززەت تېپىلغايمۇ.

جاھانغا بىر كېلەر ئىنسان، يۇتار قوينىغا يەر پىنھان،
ھاياتنى سۆيمىسەڭ دىلدىن يەنە پۇرسەت تېپىلغايمۇ.

ياشا ھەق ھەر تىنىق سەزگۈر، نىزا غەپلەتكە تىز پۈكمەي،
نادانلىق باسسا گەجگەڭدىن ئۇنىڭدەك دەرد تېپىلغايمۇ.

ئايانكى مېۋە بەرگەن شاخ، ئېگىلگەي يەرگە ھۆرمەتتە،
كىشىگە ئەلنى سۆيمەكتىن تېرەن ھىممەت تېپىلغايمۇ.

چۈشەنسەڭ ئىلمۇھېكمەتتىن تاپار دىل مەڭگۈلۈك شادلىق،
دىلى كور تەلۋىگە چىن دوست ۋە يا ئۈلپەت تېپىلغايمۇ.

مېھىردىن ئۈز بۇ كەڭ ئالەم، ۋاپادىن كۆكلىگەي ئادەم،
ۋاپا ئەھلىگە غەپلەتتىن بەتتەر كۈلپەت تېپىلغايمۇ.

ئاۋام ـ ئەل، قۇرۇماس دەريا، ھاياتىڭ ئۇندا بىر تامچە،
ئاقىلغا ئاشۇ دەرياسىز بۈيۈك مەقسەت تېپىلغايمۇ؟

ئەگەر قۇت ئىزدىسەڭ تايما ئەبەدكە ئادىمىيلىكتىن،
ئۆمۈرگە بەلكى ئۇسىز قۇت، يېتۈك سۈلكەت تېپىلغايمۇ.

2008ـ يىلى فېۋرال



# نۇرسەن ئۇزۇك

ۋەتىنىم نۇرسەن، شۇ نۇرنىڭ ئاشىقى - پەرۋانىمەن،
جان پىدا ئەيلەر ئەبەدكە تەۋرىمەس مەردانىمەن.

خورىماس مېھرىڭكى دەريا، ئۇندا مەن ياشنار بېلىق،
ئايرىلىپ قالسام تىنىق، مىڭ جان بېرەر سەرسانىمەن.

كۆز ئېچىپ باغرىڭدا تاپتىم چىن بەخت، يوكسەك غۇرۇر،
تاۋلىنىپ مېھرىڭدە سۇردۇم تىك تۇرۇپ دەۋرانىمەن.

دىت - ئەقىل تۇيغۇمغا بەردىڭ ئىلمۇھېكمەتتىن قانات،
يەتمىسەم قەدرىڭگە ۋىجدان خائىنى، ۋەيرانىمەن.

تەر تۆكۈپ قوينۇڭدا مەڭگۈ، شاد ئۆتەر ئۆمرۈم مېنىڭ،
تۇپرىقىڭ، باغرىڭغا تامغان چىن ۋاپا - دۇردانىمەن.

2008- يىلى ئاۋغۇست

## ھاياتلىقتا

ئېچىپ كۆز يۇمغۇچە نى ئىش ئۆتەر باشتىن ھاياتلىقتا،
ئالار مىڭ ئىمتىھان تەقدىر قېرى-ياشتىن ھاياتلىقتا.

پىداكار بولسا كىم، قىسمەت ئېگەر باش بەيگە - مەنزىلدە،
نادانلار كەچمىشى شەكسىز پۈتەر ياشتىن ھاياتلىقتا.

ۋىسالنىڭ دىلبىرى مەڭگۈ ئۈمىد ئەھلىگە خۇش باقاي،
ئىزىدىن گۈل ئۈنەر ھەتتا قورام تاشتىن ھاياتلىقتا.

گاھى بال بەرسە تۇرمۇش، گاھ مېغىز دەپ چايىنتار تاشنى،
كېتەر باش ئەجرۇمېھنەتسىز يېگەن ئاشتىن ھاياتلىقتا.

ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ تۆكۈپ تەر ياشا شەيدائى،
تاپالماس مەنە مەۋجۇتلۇق تېڭىرقاشتىن ھاياتلىقتا.

2008- يىلى ئاۋغۇست

# ئادەم دېگەن

مەۋجۇداتلار ئىچرە شەكسىز ئەڭ بۈيۈك ئادەم دېگەن،
شۇڭا قەدىر - قىممىتىنى بىلگۈلۈك ئادەم دېگەن.

بۇ ھاياتنىڭ مەنزىلى باقمايدۇ قان-تەرسىز كۈلۈپ،
ئەجرۇمېھنەت بىرلە غالىب يۈرگۈلۈك ئادەم دېگەن.

ھەر قەدەمدە قولنى غەپلەت لەشكىرى تارتار سىقىپ،
روھىدىن غەپلەتنى قوغلاپ سۈرگۈلۈك ئادەم دېگەن.

تاۋلىنار مۈشكۈل سەپەردە چىن ھايات قۇدرەت تېپىپ،
رەڭ بېرىپ ئۆمرىگە تەردىن كۈلگۈلۈك ئادەم دېگەن.

ئىزدىسەڭ يەتمەكنى يۈكسەك پەللىگە قىل ئىختىيار،
قەدىر-قىممەت تاپمىسا ئەل-يۇرتقا يۈك ئادەم دېگەن.

2008- يىلى ئاۋغۇست

## ئادەملەر

بۇ دۇنيادىن بىر ـ بىرلەپ كېتىدىكەن ئادەملەر،
چىن ياشىسا ئارمانغا يېتىدىكەن ئادەملەر.

ۋىسال ئىزدەپ مەۋجۇتلۇق دەرياسىدىن غەۋۋاستەك،
گاھى غەملەر تەكتىگە چۆكىدىكەن ئادەملەر.

بەخت ـ ئامەت خۇش باقسا بېشى يېتىپ ئاسمانغا،
مۇشكۇلاتتا دالدىغا مۆكىدىكەن ئادەملەر.

راۋان بولسا مەنزىلى دىت ـ ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ،
ئازار يەتسە تەقدىرنى سۆكىدىكەن ئادەملەر.

تۇيغۇسىغا چاك سالسا نىزا، غەپلەت، چۇشكۇنلۇك،
چۆچۈمەستىن ئىسسىق ياش تۆكىدىكەن ئادەملەر.

ئۇشبۇ ھايات يولىدا كەتسە تۇيماي مۇدۇرۇپ،
ئىشەنچ ـ ئۇمىد كۆكىدىن ئۆچىدىكەن ئادەملەر.

يېشەلمەستىن بىر ئۆمۈر ئۇشبۇ ھايات سىرىنى،
گاھى يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ ئۆتىدىكەن ئادەملەر.

2010 ـ يىلى مارت

# بىلىم ئال

بۇ ھاياتتا خار بولماي ياشاي دېسەڭ بىلىم ئال،
مەنزىلىڭدە داۋانلار ئاشاي دېسەڭ بىلىم ئال.

بىلىم دىلنىڭ چىرىغى، چەكسىز نۇرى - يورۇقى،
كەشپىياتتا كامالەت تاپاي دېسەڭ بىلىم ئال.

مەۋجۇت بولساڭ بىر تىنىق كۆزلە بەخت، ياخشىلىق،
سائادەتتىن ئەلگە نۇر چاچاي دېسەڭ بىلىم ئال.

ئىنسان ئۈچۈن يوق زىنھار، بىلىمدەك چىن مەدەتكار،
قۇت - بەختتىن تىلتۇمار ئاساي دېسەڭ بىلىم ئال.

ۋاپا - پاكلىق يالقۇنى، سۆيگۈ دەريا دولقۇنى،
دولقۇن بولۇپ قىرغاقتىن تاشاي دېسەڭ بىلىم ئال.

باسسا دىلنى نادانلىق، ھايات تايقاي زاۋاللىق،
زاۋاللىققا مەڭگۈ ئوت ئاچاي دېسەڭ بىلىم ئال.

ئۆتسە ئۆمرۈڭ غەپلەتتە، كۆز يۇمارسەن ھەسرەتتە،
مەۋجۇتلۇقتا ئۆچمەس ئىز باساي دېسەڭ بىلىم ئال.

2010 - يىلى ماي

# پەيدا

تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ ھەرئان بولۇر ئالدىمدا كۆن پەيدا،
يۈرەكىم تارىدا ئىشقى ـ مۇھەببەت زىكرى ـ ئۆن پەيدا.

يېپىلسا تالۇتال ساچىڭ بويۇڭغا ئەركىلەپ ھەي ـ ھەي،
تېلىپ جۆپ قارچۇقۇم يارەب، دىلىمدا ئوت ـ تۈگۈن پەيدا.

نازاكەت لەشكىرىڭ تۇتقۇن قىلار ئەقلىمنى، روھىمنى،
ۋىسال تەشنالىقىمدىن قان كۆيۈپ گۈپ ـ گۈپ، تۈتۈن پەيدا.

ساداق ھەر كىرپىكىڭ رەت ـ رەت، يۈرەك باغرىمغا بەتلەنگەن،
كۆزۈڭدىن ئاقسا گەر تامچە ئازابتىن، پەسلى تۈن پەيدا.

ھاياتىم ۋەزنىگە يۈكسەك كامالەت بەردى پاك مېھرىڭ،
ئىشق ـ سۆيگۈڭ بىلەن ئۆمرۈم بېغىدا قۇت ـ ھۆسن پەيدا.

2010 ـ يىلى ماي

## ۋەتەن دەيمەن

ئەگەر مىڭ سورىساڭ سۆيگەن نىگارىم جان ۋەتەن دەيمەن،
ئۆمۈر پەسلىمگە قۇت بەرگەن باھارىم جان ۋەتەن دەيمەن.

يۈرەك باغرىمدا بىر ئوت بار ساداقەت سۆيگۈ ئۇلغايتقان،
ئەبەد ئىشقىدا كۆيمەكلىك قارارىم جان ۋەتەن دەيمەن.

قۇچاقى خۇددى ھۆر جەننەت تاپار قۇد بارچە ئەل شەكسىز،
قېنىپ مېھرىگە رىشتىمنى چاتارىم جان ۋەتەن دەيمەن.

دىلىمدىن چىن ۋاپا تامچىپ تۇرار ھۆسنىگە ھەر باقسام،
سۆيۈپ باغرىمنى قانماستىن ياقارىم جان ۋەتەن دەيمەن.

ئەقىل - تۇيغۇمغا نۇر تۆككەن قۇياشتۇر مېھرى ھەر تاڭدا،
بولۇپ جىسمىمدا ئىسسىق قان ئاقارىم جان ۋەتەن دەيمەن.

قويار باش قۇش چېغى سۆيگۈ بىلەن چاڭگا - ئۇۋاسىغا،
ياشاپ باغرىدا قۇشتەك پەر قاقارىم جان ۋەتەن دەيمەن.

ۋەتەنسىز كىمكى تەنھالىق چۆلىدە جان بىرەر ئىڭراپ،
دېدى شەيدائى، بوينۇمدا تۇمارىم جان ۋەتەن دەيمەن.

2010 - يىلى مارت

# بىر گەپ بار

لەۋەننىڭ ئۈز، خۇمارلىق بېقىشىدا بىر گەپ بار،
قاشلىرىنى ئاۋايلاپ ئېتىشىدا بىر گەپ بار.

قارچۇقىدىن تۆكۈپ نۇر، كېيىكتەك شوخ ئەركىلەپ،
دەرياسىدا كۆلكىنىڭ ئېقىشىدا بىر گەپ بار.

تال-تال سۇمبۇل ساچىنى تەۋرىتىپ، گاھ يەلپۈتۈپ،
بارمىقىنى بارماققا چېتىشىدا بىر گەپ بار.

لەۋلىرى چوغ ئەيىۋەنناس، كىرپىكلىرى ساداقتەك،
شۇنچە تاتلىق خىيالغا پېتىشىدا بىر گەپ بار.

مەجنۇنتالدەك تۇرقىغا جان بېرىپ ناز-خۇلقىدا،
قىيا بېقىپ دىلغا ئوت يېقىشىدا بىر گەپ بار.

نىگاھلىرى ئاتقان ئوق، تىنىقلىرى يالقۇنلۇق،
دىمىقىنى نازلىنىپ قېقىشىدا بىر گەپ بار.

دەۋرەپ ئىشق كەلكۈنى، يوقىتىپ هوش - سەزگۈنى،
شەيدائىنىڭ كۈي - نەزم قېتىشىدا بىر گەپ بار.

2010- يىلى ئىيۇن

## بالام دەپ

يالقۇندا ۋاپانىڭ چوغلىنارسەن بالام دەپ،
ھەربىر تىنىق، قەدەمدىن زوقلىنارسەن بالام دەپ.

يۈرىكىڭدە تىلەكلەر چۇغلۇق كەبى پورەكلەر،
سەھەردىكى شەبنەمدەك پاكلىنارسەن بالام دەپ.

يېنىپ ئىقبال ئىشقىدا، تەرىك ئەيلەپ غەپلەتنى،
تەشۋىشلەرنىڭ قەھرىدە تولغىنارسەن بالام دەپ.

بېرىپ پۈتمەس مېھرىڭنى، پىدا قىلىپ جېنىڭنى،
تۈن كېچىلەر نەچچە رەت ئويغىنارسەن بالام دەپ.

تەر - ئەجرىڭدىن ئەتىچۈن سېلىپ يېشىل پاياندار،
مېھنىتىڭدىن ئالەمچە شادلىنارسەن بالام دەپ.

كۆرسەڭ سۆزۈك چېھرىڭدە مۇقچە تەشۋىش، ئەندىشە،
تىت-تىت بولۇپ ئۆرتىنىپ، مۇڭلىنارسەن بالام دەپ.

چەكسىز تۇرمۇش مەنزىلى ئەگسمۇ تىك قەددىڭنى،
سۆيگۈ بىلەن قۇياشقا ئايلىنارسەن بالام دەپ.

پۈكۈپ دىلغا ئەتىنى، ئۇنتۇپ ھەممە-ھەممىنى،
تونۇردىكى توقاچتەك تاۋلىنارسەن بالام دەپ.

ئانا پەرزەنت بەختى سەن، ئۇلۇغلۇقنىڭ تەختى سەن،
ئىزنىڭ ئۆچمەس ئەبەدىي، يادلىنارسەن بالام دەپ.

2010- يىلى ئاۋغۇست



# ۋىسال ئىزدەپ

ئۈمىد دەرياسىدا دەۋرەپ ئىقىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ،
كۆيۈك باغرىمنى تۇپراققا يىقىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ.

سۆزۈك تۇيغۇمغا سانجىلغان چۇچۇل ئوقيانى قامااللاپ،
ئازاب قەھرىدە چاقماقتەك چىقىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ.

ئەمەس ئىلكىمدە ئوي-پىكرىم، روھىم تەشۋىشكە مىخلانغان،
كېزىپ تۈنلەرنى يۇلتۇزدەك بىقىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ.

تالاي ئىستەكلىرىم ھىجران چۆلدە تۆكتى ياش ئۈنسىز،
ھامان ئالەمچە مۇڭ-دەردكە پىتىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ.

ئىشق مەنزىللىرى تاۋلاپ چىگىنتتى ئىتىقادىمنى،
قۇياش ۋەزنىدە مېھرىمنى چېچىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ.

يۈرەك ئايلاندى يالقۇنغا كۆيۈپ كۆل بولدى ھەسرەتلەر،
ئۈمىد سېھرىدە ئەركىن پەر قىقىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ.

باھار لەۋ ياقتى مەڭگۈلۈك ئىچىپ باغرىنى سۆيگۈمگە،
ھايات لەززىتىنى بەردەم تىتىپ كەلدىم ۋىسال ئىزدەپ.

2010- يىلى ئۆكتەبىر

# بىر سەن بار

ئاتا ـ ئوتلۇق كۆيۈمدە كۆيلەيدىغان بىر سەن بار،
روھىمنى چىن ئۈمىدكە بۆلەيدىغان بىر سەن بار.

توسسا ھايات يولۇمنى چاتقال بولۇپ گاھ غەپلەت،
يىلتىزىدىن شەكلەنمەي تۆۋلەيدىغان بىر سەن بار.

خىيال ـ تۇيغۇم تىغلىرى شۈبھىلەردىن داتلاشسا،
پاك ئەقىدە ـ ۋىجدانىغا بىلەيدىغان بىر سەن بار.

مۈشكۈلاتتا گاڭگىراپ، بەيگىلەردىن يالتايسام،
چۈشكۈنلۈكنىڭ باغرىنى ئۆرتەيدىغان بىر سەن بار.

ئارمانلىرىم قەلبىمدە ئايلانسا گەر چۇچۇلغا،
چوغلىرىمنى تۇتاملاپ پۈۋلەيدىغان بىر سەن بار.

مەنزىل ئارا ناۋادا كەتسەم مەڭدەپ ـ مۈدۈرۈپ،
دەس تۇرغۇزۇپ روھىمنى سىلكىيدىغان بىر سەن بار.

ئىقبال ئۈچۈن جان تىكىپ چوققىلارغا ياماشسام،
بېشىڭ بىلەن ئەبەدىي يۆلەيدىغان بىر سەن بار.

چېچەك ئاچسا چېھرىمدە بەخت-ۋىسال پورەكلەپ،
ئارمانلىرى ياشىرىپ كۆكلەيدىغان بىر سەن بار.

زەپەر قۇچسام ئەجرىمدىن بېشى يېتىپ ئاسمانغا،
قۇياش كەبى ئۈستۈمدە چۆرگۈلەيدىغان بىر سەن بار.

غازاڭ تۆكسە قەلبىمنىڭ بوستانلىرى جۇدۇندا،
مېھرىڭ بىلەن باھارغا پۈركەيدىغان بىر سەن بار.

قالغۇچە تىن-نەپەستىن تىلەپ ئۆمۈر،بەختىمنى،
ئەتەم ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەيدىغان بىر سەن بار.

2010- يىلى ئۆكتەبىر



# ۋىسال قەسىدىسى

ۋىسال روھىمنى پاكلاپ، خەس جىنىمغا جان ئاتا قىلدى،
قەلب قەسرىمدە يالقۇنلۇق يېشىل گۈلخان ئاتا قىلدى.

ئىشق بورانلىرى تاۋلاپ كۆڭۈل باغىمنى توختاۋسىز،
جۇدۇن-چاپقۇندا سارغايماس ئېسىل بوستان ئاتا قىلدى.

تىلىپ باغرىمغا ئورناشقان سۇخەن-شۈبھىنى، ھەسرەتنى،
ئۈمىد ئەۋجىدە دولقۇنلاپ ئاقار ساپ قان ئاتا قىلدى.

شۈكۈر ئالقۇنلىرى توسسا كۆزۈمنى ھەرنە ناز بىرلە،
زېھىن دەريالىرىم ئىچرە شۇئان غەليان ئاتا قىلدى.

چېتىپ رىشتىمنى ئۈلتۈرماس شەپەققە - سۈبھىگە مەڭگۈ،
مىكىر، نەيرەڭدە بۇلغانماس سۆزۈك ۋىجدان ئاتا قىلدى.

2011-يىلى فېۋرال

## ئايلاندى

نىگار ئىشقىڭدا تىك قەددىم سۇنۇپ قاقشالغا ئايلاندى
روھىم يامغۇرغا تەلمۈرگەن زەئىپ جاڭگالغا ئايلاندى.

قەلب دەريالىرىم دەۋرەپ ئاقار ھەسرەتتە بۇزغۇنلاپ،
ئەمەس ئىلكىمدە ئوي - پىكرىم، كۆزۈم جۇپ خالغا ئايلاندى.

قېنىم كۆيمەكتە يالقۇنلاپ، گوياكى ماگمىدۇر جىسمىم،
كۆڭۈل گۈلزارلىقىم ھىجران ئارا داڭگالغا ئايلاندى.

ھايات يۈرمەكلىكىم سەنسىز ئازاب ئوت - چوغنى يۇتقاندەك،
ئىشق دەردىدە قان يۇتسام لەزىز چىن بالغا ئايلاندى.

ئەبەد ۋەسلىڭگە قانماقلىق ئىبرۇر شەيدائىغا ئارمان،
ئۆمۈر باتىمدا ئاشىقلىق يولى ئىقبالغا ئايلاندى.

2011 - يىلى فېۋرال

# ئوخشاتقىن مېنى

چۈغلۇقۇم،بەرگىڭدىكى شەبنەمگە ئوخشاتقىن مېنى،
بىر ئۆزۈڭ كۆكلەيدىغان كۆكلەمگە ئوخشاتقىن مېنى.

ئايلىنىپ كۆكلەمدىكى يامغۇرغا ياغدىم قۇت تىلەپ،
سۆيگۈدىن تامغان سۆزۈڭ زەمزەمگە ئوخشاتقىن مېنى.

قاتسا گەر روھىڭدىكى پەسلى ۋىسالىنىڭ قارچۇقى،
جان ئاتا قىلغان ئاڭا مەلھەمگە ئوخشاتقىن مېنى.

سەنكى ئوت جىسمىم ئارا كۆيگەن يېلىنجاپ ھەر نەپەس،
ئوت ئارا بولغان چۇچۇل دەرد ـ غەمگە ئوخشاتقىن مېنى.

نە ئېرۇر شەيدائىنىڭ مەۋجۇتلۇقى چىن سۆيگۈسىز،
ياتلىسا سۆيگۈڭ ئەبەد ئۆلگەنگە ئوخشاتقىن مېنى.

2011 ـ يىلى ئاپرېل

# يايرايدۇ

مېنىڭ تەن ـ جانلىرىم سۆيگۈ ئارا گۈلخاندا يايرايدۇ،
ساداقەت ۋەزنىدىن ھاسىل ھايا، ۋىجداندا يايرايدۇ.

نىگاھىم سۆيسە ئاپتاپتەك، نىگار ۋەسلىنى قانماستىن،
ئۈمۈدۈم قۇشلىرى خەندان ئۇرۇپ مىڭ جاندا يايرايدۇ.

خىيالىم ياپرىقى سولسا ئازاب پەسلىدە بىدەرمان،
ئەقىدەم جۇتتا تاۋلانغان يېشىل ئورماندا يايرايدۇ.

كۆيەر مۇڭ،تەشۋىشىم ئىشقى لاۋاسى بىرلە زەپ گۈلگۈن،
مۇرادىم يىلتىزى دەۋرەپ ئاقار ساپ قاندا يايرايدۇ.

مۇھەببەت سازىغا تار ئەت ئېشىپ جانىڭنى شەيدائى،
ھاياتلىق كۈي تېمىپ تۇرغان چىمەن ـ بوستاندا يايرايدۇ.

2011 ـ يىلى ئاپرېل

# شۇندىن بۇيان

مەن بىھوش ھەيرەتتە، جۇپ قاشىڭنى قاقىقاندىن بۇيان،
نازلىنىپ ئوت چاچرىتىپ بىر مەررە باققاندىن بۇيان.

پۇت - قولۇم بى ئىختىيار، سەنسىز ياشاش ئاھ كەلدى ھار،
قاڭقىغان يۇلتۇز كەبى باغرىمغا ئاققاندىن بۇيان.

ئوت يانار تىنسام، گويا گۈلخانغا تولغاندەك تونۇر،
سەن ئىشق بازغانىدا روھ تەختىمنى چاققاندىن بۇيان.

ئايلىنىپ سەلكىنگە گۈل جىسمىڭنى ھىدلايمەن قىنىپ،
سەزمىگەن بۇنچە ھۇزۇر، ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان.

ئاشىقلىك شەيدائىنى ۋەسلىڭگە يەتكۈزگىن نىگار،
تاپقۇسى قۇت باغرىغا باغرىڭنى ياققاندىن بۇيان.

2011- يىلى ئاپرېل

# بىلسەڭ

تېنىمدە سەن ئۈچۈن دىلبەر قان ئەمەس، ئوت ئاقار بىلسەڭ،
سېنىڭسىز ئەقلۇتۇيغۇمدا قاباھەت، جۇت ئاقار بىلسەڭ.

نىگاھىڭ مىسلى ئوكيانكى قەلب-زېھنىمدە مەۋج ئۇرغان،
سۈمۈرسەم سۆيگۈ قەترەڭدىن، روھىمدا قۇت ئاقار بىلسەڭ.

قېشىڭنى بىرلا ئويناتساڭ قالارمەن ئايرىلىپ ھوشتىن،
ئىشقىنىڭ ئەۋجىدە تىنسام پەلەككە دۇت ئاقار بىلسەڭ.

ۋىسالىڭ ئەۋجى كۆكلەمسەن، ھاياتىم پەسلىگە ھەقدا،
لېۋىڭدىن جان قوشۇپ جانغا سۈزۈك بال-سۈت ئاقار بىلسەڭ.

تەۋەللۇت قىلدى چىن سۆيگۈڭ ۋىسال تەختىنى ئەنۋەرگە،
ساداقەت كەۋسىرى دىللار ئارا مەۋجۇت، ئاقار بىلسەڭ.

2011- يىلى ئاپرېل

# چىن مۇھەببەت ئىزدىسەڭ

مۇھەببەت ئىزدىسەڭ گۈلگۈن زىناخىڭدىن تېپىلغايمەن،
قاراقىڭ نۆكىرى سەپ ـ سەپ ساداقىڭدىن تېپىلغايمەن.

روھىمنى ئەيلىدى سۆيگۈ باھارىڭ سۈپسۈزۈك سەلكىن،
باھاردىن خۇش نەپەس ئالغان دىماقىڭدىن تېپىلغايمەن.

تەبەسسۇم ياپرىقىڭ ياشنار قېنىپ ئارمانغا مېھرىمدىن،
گويا رەيھان، چىمەندەك ھىد ـ پۇراقىڭدىن تېپىلغايمەن.

تۆكۈلسە قارچۇقۇڭدىن نۇر قىلارمەن باغرىدا پەرۋاز،
تۇغاركى مىڭ قۇياش ھەر تاڭ قاراقىڭدىن تېپىلغايمەن.

ۋۇجۇد ـ جىسمىڭدا دولقۇنلاپ ئاقار شەيدائى ساپ قان بوپ،
ۋىسالنىڭ رىغبىتى سۆيگۈ ـ پىراقىڭدىن تېپىلغايمەن.

2011 ـ يىلى ئاپرېل

**图书在版编目（CIP）数据**

生命之歌：维吾尔文/艾尼瓦尔·阿布来提夏达依著. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.2
ISBN 978-7-5373-2579-0

Ⅰ. ①生… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①诗集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 014004 号

责任编辑：**穆罕默德·阿布里孜伯日亚尔**
责任校对：**姑丽巴哈尔·麦麦提依明**

# 生命之歌

## （诗歌）

**艾尼瓦尔·阿布来提夏达依** 著

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 毫米 1/32 开本 3.625 印张 1 插页
2012 年 2月第 1 版 2012 年 2月第 1 次印刷
印数：1— 2000 定价：12.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927

本集子选录了作者多年以来所写的一部分诗歌。

ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 600 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسر ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى «خەزىنە»، «مەسەللەر خەزىنىسىدىن»، «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار»، «يۈرەكسىز سۆيگۈ» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلدى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

ISBN 978-7-5373-2579-0

9 787537 325790 >

（民文）定价： 12.00 元